شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلدى

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大

2001·4

## كونەس ناھىيىلىك كاناپ مەھسۇلاتلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى دادىل قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە



# ئىقتىساقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان يەكەن ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسى

يەكەن ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسى 1956 - يىلى قۇرۇلغان، ھازىر 569 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار. ئورگاندا 12 بۆلۈمچە، 12 ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرى ۋە 29 يېزا، بازار سۇ باشقۇرۇش پونكىتى بار. ئىدارە ئاساسلىقى ناھىيىنىڭ سۇ بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، سۇ مەمۇرىي تەپتىشلىكى، دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنى سۇغىرىشنى باشقۇرۇش، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈپ قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنى سۇغىرىش قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈش، لايىھىلەش، قۇرۇلۇش قىلىش ۋە يېزىلاردا كېلەلدىن مۇداپىئە كۆرۈپ ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاش، سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقى قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل. بۇ ئىدارە كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايوننىڭ «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە 1 -، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، شىنجاڭ سۇچىلىق سىستېمىسىدىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن نامغا ئېرىشتى.

(يەكەن ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسى تەمىنلىگەن)



يەكەن ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى چى جيەنشىن



ئىدارە رەھبەرلىرى ۋە سۇچىلىق مۇتەخەسسىسلىرى، قۇرۇلۇشقا مەسئۇل خادىملار پاتىماقاش كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش توسمىسى 0 - نومۇرلۇق توسمىنىڭ قۇرۇلۇش مەيدانىدا كەلكۈن بۇزۇۋەتكەن جاينى رېمونت قىلىپ مۇستەھكەملەش لايىھىسى توغرىسىدا مۇزاكىرىلەشمەكتە.

# فۇكاڭ توك بىلەن تەمىنلەش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى



دىرېكتور: دۇڭ جۇڭشېڭ




فۇكاڭ توك بىلەن تەمىنلەش چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ئاساسلىقى فۇكاڭ رايونىدىكى ئابونتلارنى توك بىلەن تەمىنلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. 1999 - يىلى توك بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 134 مىليون كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، دۆلەتكە 3 مىليون 900 مىڭ يۈەن پايدا بېجى تاپشۇردى. بۇ يىل بۇ شىركەت ئوبلاستلىق پىلان كومىتېتى ۋە ۋىلايەتلىك توك ئىشلىرى ئىدارىسى تەرىپىدىن شىنجاڭدىكى 13 ناھىيە، شەھەرنىڭ يېزا توك تورى قۇرۇلۇشى ۋە ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتىكى نۇقتا قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

تېلېفون: (0994) 3222581

# بىڭتۈەن كۈيتۇڭ دوختۇرخانىسى



دوختۇرخانا رەھبەرلىرى، فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى كېسەلخانىلارنى ئارىلاپ، بىمارلاردىن پىكىر ئالماقتا.

بىڭتۈەن كۈيتۇڭ دوختۇرخانىسى داۋالاش، ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقات، ئالدىنى ئېلىش، كۈزىتىش بىر گەۋدە قىلىنغان ئىككى ٨ دەرىجىلىك دوختۇرخانا بولۇپ، دۆلەت سەھىيە مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن «بوۋاقلارنى سۆيۈش دوختۇرخانىسى» دەپ نام بېرىلگەن.

دوختۇرخانا يېڭى ئەسىردە بىمارلار رازى بولغۇدەك ئەلا، يۇقىرى ئۈنۈملۈك مۇلازىمەت قىلىدۇ.

ئادرېسى: كۈيتۇڭ شەھىرى بېيجىڭ شەرقىي يولى 21 - نومۇر

قانۇنىي ۋەكىل، دوختۇرخانا باشلىقى، پارتكوم شۇجىسى: لى گوجۈن

تېلېفون: (0992) 3224797

فاكس: (0992) 3227611




رەھبەرلەر باشلامچىلىق بىلەن كوچىلارغا چىقىپ ھەقسىز كېسەل كۆردى ۋە ئۇلارغا مەسلىھەت بەردى.

# ئىچىۋېتىش مارشىنى ياڭرىتايلى

## ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى

ھەممىمىزنىڭ دىققىتىنى تارتقان 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 ـ يىغىنى بېيجىڭدا خېلى كۈنلەر بولغان بولسىمۇ، زۆڭلى جۇرۇڭجىنىڭ 10 ـ بەش يىللىق پىلان پروگراممىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش توغرىسىدىكى مەردانە سۆزلىرى تەڭرىتاغ ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ھازىرغىچە ياڭرىماقتا.

زۆڭلى دوكلاتىدا 10 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، غەربىي رايونلارنىڭ ئۇل مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىش كېرەك، دەپ كۆرسىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭغا ئائىت ئېلىپ كېلىدىغان ئىككى خۇش خەۋەرنى، يەنى، غەربىنىڭ كارىنى شەرققە يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىدا بۇ يىل ئىش باشلىنىدىغانلىقىنى، تارىم دەرياسى ۋادىسىنى تۈزەش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلىمىزنىڭ چوڭ دەريا ـ ئېقىنلارنى تۈزەش ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. بۇ تەدبىرلەر شىنجاڭنى ئېچىۋېتىشنى مىسلىسىز يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ، ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ.

شىنجاڭ قۇرغاق، يېرىم قۇرغاق رايون، ئۈچ چوڭ ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى چوڭ قۇملۇق بار، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ئىنتايىن ناچار. نۆۋەتتە، تەكلىماكاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا نۇپىراتنىڭ قۇملىشىپ كېتىشى يىلىغا 400 كۋادرات كىلومېتىردىن كۆپرەك سۈرئەت بىلەن كېڭەيمەكتە. ئەھۋال ئىنتايىن جىددىي، ئۇنىڭدىن باشقا، ئېگىزلىكى ئۈلكىلەر بىلەن بولغان ئارىلىقنىڭ يىراق بولۇشى، بەر مەيدانىنىڭ كەڭ بولۇشى، قاتناش، سۇچىلىق، ئېلېكتر ئېنېرگىيە قاتارلىق جەھەتلەردە تارىختىن بۇيان قېپقالغان قەرزلەرنىڭ نىسبەتەن كۆپ بولۇشى، ئۇل مۇئەسسەسەلىرىنىڭ بىر قەدەر قالاق بولۇشى، ئىقتىسادنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىنى چەكلەپ قويۇۋاتىدۇ. شۇڭا، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى ۋە ئۇل مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، شىنجاڭنى ئېچىش جەريانىدا ھەل قىلىنىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە. ھازىر بۇ ئىككى جەھەتتە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىش، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ ماكرولۇق تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىككى چوڭ تۈر 10 ـ بەش يىللىق پىلان پروگراممىسىغا كىرگۈزۈلدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش جەريانىدا قەيىنچىلىقتىن تېزلىكتە قۇتۇلۇپ، ئالدىغا ئۈنۈپ كېتەلەيدۇ، كۈچلۈك ئىقتىسادىي رايونغا ئايلىنالايدۇ.

مۇشۇنداق كەمدىن كەم تېپىلىدىغان تارىخىي پۇرسەتنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىنتايىن قەدىرلىشى لازىم. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. دۆلەت سىياسەت جەھەتتىن كۆپ ئېتىبار بېرىۋاتىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشىنىڭ يېقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ، غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى كەمدىن كەم تېپىلىدىغان پۇرسەت دېيىشكە بولىدۇ. ئەگەر بىر سىياسەت جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىمىزنى تېزدىن جارى قىلدۇرمايدىغان بولساق، مەبلەغ سېلىش مۇھىتى جەھەتتىكى رىقابەت ئىقتىدارىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز. كەڭ كۆلەمدە ئېچىۋېتىش، كەڭ كۆلەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇش كۈچلۈك. پۇختا ئاساسدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. شۇڭا، بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش توغرىسىدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىنى يولغا قويۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ يېڭىلىق يارىتىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىقتىسادنىڭ يەرشارىلىشىش ۋەزىيىتى ئېلىپ كېلىدىغان كۈچلۈك خىرىسنى كۈتۈۋېلىشىمىز لازىم.

نۆۋەتتە، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى مۇكەممەل قانۇنچىلىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ ئۇگۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى قانۇن بويىچە ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى، ئۇل مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشى، مۇھىتنى قوغداش ۋە مۇھىت قۇرۇلۇشى بىلەن ئالاقىدار بولغان نىزاملارنى تېزلىكتە تۈزۈپ ۋە ئېلان قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئېچىۋېتىش، مەبلەغ، تېخنىكا ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنى جەلپ قىلىش توغرىسىدىكى ئالاقىدار سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى تۈزۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ ۋە ئۇنى قوللاپ، مۇناسىپ نىزام لايىھىسىنى چىڭ تۇتۇپ تۈزۈپ، شىنجاڭنى ئېچىۋېتىش، ئېچىش ئىشلىرىدا زۆرۈر بولغان نىزاملارنى تېزلىكتە تۈزۈپ چىقىشنى قانۇن ئاساسىغا ئىگە قىلىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نازارەتچىلىك سالمىقىنى ئېچىمۇ زورايتىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت قۇرۇلۇشى ۋە ئۇل مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشى تۈرلىرىگە كۆز ـ قۇلاق بولۇپ، كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش ۋە قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كەڭ كۆلەمدە ئېچىش جەريانىدا مۇھىتنى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداشقا كاپالەتلىك قىلىپ، بۇزغۇنچىلىق قىلىپ بولۇپ ئاندىن ئوڭشاشتەك كونا يولغا مېڭىپ قېلىشتىن، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ساقلىنىپ، ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈم ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمدە تەڭلا ھوسۇل ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ ئۇل مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشىدا ئاساسلىقى بىلەن ئاساسلىق بولمىغانلىرىنى ئېنىق ئايرىپ، ئۈنۈمنى ئويلىشىش، قالايمىقان ئىش قىلىشتىن، ھە ـ ھۇ بىلەنلا ئىش باشلاشتىن، سەۋىيىسى، ئۈنۈمى تۆۋەن تەكرار قۇرۇلۇشلارنى قىلىشتىن ساقلىنىش، سۈرئەتنى تېزلىتىش بىلەن بىللە، مالىيىغا بېقىپ ئىش قىلىشى لازىم.

10 ـ بەش يىللىق پىلان يولغا قويۇلۇپ بولدى. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش جەريانىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىش ئېگى، ئۇزاق مۇددەتلىك، سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېگى ۋە بۆسۈش خاراكتېرلىك يېڭىلىق يارىتىش ئېگىنى تۇرغۇزىدىغانلا بولسا، شىنجاڭنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

# 新疆人大

(ئايلىق ژۇرنال) (月刊)

2001 – يىل 4 – سان

(ئومۇمىي 217 – سان) (21 – يىل نەشرى)

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى نەشرىياتى نەشر قىلدى

نەشرىيات باشلىقى: ئەنۋەر غولام

«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

باش تۈزگۈچى: سەمەت دۇگايلى

مۇھەررىرلەر: تاھىر ماموت، نۇرگۈل كېرەم


## ئوبزور


ئېچىۋېتىش مارشىنى ياڭرىتايلى ........................ **ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى** (1)


## مەخسۇس خەۋەر


پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، پارلاق سەھىپە يارىتايلى .. **لىۇ جيەنجۇڭ، ئەركىن رىشىت** (4)


## مۇھاكىمە ۋە تەپەككۇر


خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ چەتتىن ئاڭلاش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك ........................ **نۇرگۈل كېرەم** (8)

WTOغا كىرىشنىڭ ئېلىمىز قانۇن – تۈزۈمىگە بولغان تەسىرى ........................ **دىڭ جېنجى** (10)


## خىزمەت تەتقىقاتى


يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ چوڭ – چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش ھوقۇقىنى قانداق يۈرگۈزۈش توغرىسىدا مۇلاھىزە ........................ **چېن جۈن، جى رۇڭرۇڭ** (13)

پۇل – مالنى قەستەن ۋەيران قىلىش جىنايىتىنى سوت قىلىشتىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا ........................ **توختىروزى مەتنۇرى** (19)

كادىرلارنى قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇنىڭغا قارشى تەدبىرلەر ........................ **خۇاڭ شۆيۇ** (23)


## قانۇن تەتقىقاتى


قانۇن چىقىرىش سانى، قىممىتى ۋە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قۇرۇلۇشى ........................ **گاۋ جېڭۋېن** (28)

دەۋا ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىشى ..............................................................**ئەركىن روزى** (32)
جىنايى ئىشلارغا دائىر دۆلەت تۆلىمىدە ئىگىلەشكە ئېگىشلىك بىرنەچچە مەسىلە توغرىسىدا ... **ئابدۇخېلىل مىراشىم** (34)
«قۇتادغۇبىلىك» ۋە قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش ئىدىيىسى .......... **مىرزەخمەت غوجەخمەت ، تاھىرجان ئۆمەر** (37)
ئىقتىسادىي خىزمەت نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم تەدبىرى ........................ **لى مىڭجى** (44)

## مۇلاھىزە

شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ھەم ئۇنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش داۋامىدىكى مۇھىم ئەھمىيىتى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم ........................................................ **ئوبۇلقاسىم تۇراق** (49)

## جەمئىيەت ۋە كۆزىتىش

بۇ رەھبەرلەر نېمە ئۈچۈن قانۇن ئۆگىنەمەيدۇ .............................................................. (54)

## قانۇن مەسلىھەتچىسى

بۇ دېلودا سوت مەھكىمىسى تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالامدۇ؟ ........................ **قاسىمجان ھوشۇر** (55)
مېنىڭ نارازىلىق ئەرزىم كۈچكە ئىگە بولامدۇ ........................................ **جالالىدىن** (56)

## خەۋەرلەر

دامىكۇ يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسىتى نازارەتچىلىك خىزمىتىدە ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ ، ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى قاتارلىق تۆت پارچە خەۋەر .............................. (57)

## تەرمىلەر

ئۇيغۇر ئالىم جيەن بوزەننىڭ ئۇۋاللىق دېلوسىنىڭ ئاقلىنىشى ............................... **جالڭ چۇەنئېر** (60)

بۇ ژۇرنال ئۇيغۇرچە ، خەنزۇچە ، قازاقچە
نەشر قىلىنىدۇ

ھەر ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
تېكىستى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مۇقاۋىسى: شىنجاڭ تاشقى سودا ئۇراش ـ قاچىلاش زاۋۇتى رەڭلىك سۈرەت بېسىش ئورنىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 ـ 1166 / D
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830000
ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي دوستلۇق يولى 45 ـ قورۇ
تېلېفون 4828065 ئارقىلىق 61203، 61208

# پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، پارلاق سەھىپە يارىتايلى

ـــ 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 ـ يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ مۇزاكىرىسىدىن خاتىرە

ليۇ جيەنجۇڭ ، ئەركىن رېشىت

9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 ـ يىغىنى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا قاتناشقان 58 شىنجاڭلىق ۋەكىل ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈمىدىنى ئېلىپ، تۈرلۈك دوكلاتلارنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى. ۋەكىللەر غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش جەريانىدىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش، ئىختىساسلىقلار ئىستراتېگىيىسى، دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىق تەرەپلەردىكى مەسىلىلەرگە قارىتا نۇرغۇن پىكىر ۋە تەۋسىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

## 1. ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش توغرىسىدا

يېزا ئىگىلىك ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى. ۋەكىللەر مۇنداق دەپ قارىدى: شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداشنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

ۋەكىل دىلارە ھەسەن مۇنداق دېدى: دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىۋاتقان خىمىيۋى ماددىلار ۋە سۇلياۋ يوپۇقنىڭ دېھقانچىلىق مۇھىتىنى بۇلغىشى كۈنسېرى ئېغىرلاشماقتا. ئاپتونوم رايونىمىزدا 1999 ـ يىلى 2 مىليون 120 مىڭ توننا خىمىيۋى ئوغۇت، 12 مىڭ 400 توننا دېھقانچىلىق دورىسى، 86 مىڭ 700 توننا سۇلياۋ يوپۇق ئىشلىتىلىپ، ئىشلىتىش مىقدارى ئالدىنقى يىللاردىكىدىن كۆرۈنەرلىك ئاشتى. دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن خىمىيۋى ئوغۇت ئۈنۈمى ئىشلىتىلمىگەنلىكتىن ، پايدىلىنىش نىسبىتى ئاران 30% ـ 40 % بولدى، شۇنداقلا تۇپراقنىڭ قېتىۋېلىشىغا، يەرنىڭ كۈچسىز بولۇشىغا، شورلىشىشىنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشىگە، دېھقانچىلىق دورىلىرى قالدۇقىنىڭ كۆپ بولۇشىغا سەۋەب بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە خەلقنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزدى. نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قۇرغاق بوستانلىق يېزا ئىگىلىك ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان تۈرلۈك قۇرۇلۇش تېخنىكىسىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز، ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارنى تۈزۈشىمىز ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز، يېزا ئىگىلىك ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى قوغداش ئاپپاراتى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى داۋاملىق ياخشىلاپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

4

ۋەكىللەر ئېكولوگىيە ئۇقۇمىنى فىلولوگىيە پەنلىردىكىمۇ مىسال قىلدى. ئۇلار مۇنداق قارىدى: غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا تەبىئىي ئېكولوگىيىنى قوغداش بىلەن بىللە، يەنە فىلولوگىيە ئېكولوگىيىسىنى قوغداشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ئىقتىساد بىلەن مەدەنىيەتنىڭ تەڭكەش تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك.

ۋەكىل تۇرسۇنئاي ئىبراھىمجان مۇنداق دېدى: غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا مىللىي مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىنى قوغداش خىزمىتىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. ھازىر سېلىنما ئاز بولغاچقا، شىنجاڭنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى خەلق سەنئىتى، ئۆزگىچە ھۈنەر ـ سەنئەت قاتارلىق مەدەنىيەت مىراسلىرى يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىختىساسلىقلار قوشۇنىدا ئېغىر ئۈزۈكچىلىك بار، بولۇپمۇ سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە سىنارىستلار، رېژىسسورلار، مۇنەۋۋەر ئورۇنلىغۇچىلار، زامانىۋى مەدەنىيەت ـ سەنئەت، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى، مەدەنىيەت، سەنئەت تىجارىتىنى باشقۇرغۇچى خادىملار قاتارلىق جەھەتتە ئىختىساسلىقلار ئىنتايىن كەمچىل، بۇ شىنجاڭنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن پايدىسىز.

ۋەكىل ئىسمائىل خاتىپ مەركەزدىن غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئۇلۇغۋار پىلانىنى بىر تۇتاش پىلانلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان غەربىي رايون مەدەنىيەت تەرەققىيات پروگراممىسىنى تۈزۈپ، مەبلەغ سالمىقىنى زورايتىپ، مىللىي مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىنى قوغداش مەخسۇس تۈر مەبلىغىنى تېزدىن تۇرغۇزۇپ، بىر تۈركۈم مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىنى قوغداش رايونىنى قۇرۇپ چىقىشنى، شىنجاڭدا مىللىي مەدەنىيەت ئېكولوگىيىلىك كەنتى ۋە مىللىي مەدەنىيەت ئېكولوگىيىلىك مۇزېيى تەسىس قىلىپ، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا مەدەنىيەت ـ سەنئەت مىراسلىرىنى قالدۇرۇشنى تەۋسىيە قىلدى.

## 2. ئىختىساسلىقلار مەسىلىسى توغرىسىدا

ۋەكىللەر 10 ـ بەش يىللىق پىلان پروگراممىسى توغرىسىدىكى دوكلاتنى قاراپ چىققاندا مۇنداق دەپ قارىدى: غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتا ئىختىساسلىقلار ئاساس. شىنجاڭدا غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا ماس كېلىدىغان ئىختىساسلىقلار سىياسىتىنى تۈزۈپ، ئىختىساسلىقلارنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەش، ئىختىساسلىقلارنى جەلپ قىلىش، ئىختىساسلىقلارنى تۇرغۇزۇپ قېلىش كېرەك.

ۋەكىل ليۇچۈەنجېن مۇنداق دېدى: ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىن 210 مىڭدىن ئارتۇق ئىختىساسلىق خادىم ئېقىپ كەتتى، بولۇپمۇ ئالىي ئوقۇتقۇچى، پەن ـ تېخنىكىدا يېتىلىق يارانقان غوللۇق خادىملاردىن خېلى نۇرغۇنلىرى ئېقىپ كەتتى. ھازىرغا قەدەر مۇنداق ئېقىپ كېتىش ھادىسىسى تۈزۈلمە جەھەتتىن تىزگىنلەنمەيلا قالماستىن، ھەر يىلى شىنجاڭدىن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇۋاتقان 10 نەچچە مىڭ ئوقۇغۇچىنىڭ پەقەت 20% ىلا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ شىنجاڭغا قايتىپ كېلىۋاتىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خىزمەت تاپالمايۋاتىدۇ، مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا شىنجاڭنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا، سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تەسىر يېتىدۇ.

ۋەكىل خې بىڭشيەن مۇنداق دېدى: شىنجاڭنىڭ ھازىرقى كادىرلار تۈزۈمىدە نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلەر بار، ئالايلۇق، ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى يوق، ئىختىساسلىقلارنىڭ تەمىناتى تۆۋەن، بىلىم ئاشۇرۇش پۇرسىتى ئاز، پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشى، ئىشقا ئورۇنلىشىشىدا كاپالەت يوق. ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان كادىرلار تۈزۈمىدە پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ تەسىرى كۈچلۈك، بۇنداق كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنمايدىكەن، شىنجاڭ ئىختىساسلىقلارنى تۇرغۇزۇپ

قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئىختىساسلىقلارنىمۇ جەلپ قىلالمايدۇ، نۇرغۇن پەن تەتقىقات تۈرلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرىمىز دېيىش قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ.

ۋەكىل جۇجيەن مۇنداق دېدى: شىنجاڭدا ئىختىساسلىقلار قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق ئەمەس، هازىر بار بولغان 600 مىڭدىن ئارتۇق ئىختىساسلىق خادىم ئىچىدە ئالىي تېخنىكوم، تولۇق كۇرس، ئاسپىرانتلىق ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر ئاران % 30 نى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى تۆۋەن، ئالاھىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نۇرغۇن مەكتەپلەردىكى دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بەزىلىرى ئاران تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە يۇقىرى ساپالىق ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرگىلى بولامدۇ؟ شىنجاڭ مائارىپ سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشى، يۇقىرى ساپالىق باشقۇرغۇچى خادىملار، تېخنىك خادىملارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشى لازىم.

ۋەكىل ليۇچۇەنجېن مۇنداق دېدى: 10 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە شىنجاڭدا ئىختىساسلىقلار مەسىلىسى ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم مەسىلە سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇلۇشى، بىر قاتار ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى تۈزۈپ، هازىر بار بولغان ئىختىساسلىقلارغا ئىلهام بېرىلىشى، دوكتور ئاشتى خىزمەت پونكىتلىرى تۇر تېپىش، ئىختىساسلىقلارنى قوبۇل قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىمىزدىكى ئىختىساسلىق خادىملارنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەپ، شىنجاڭنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىشىغا ئىختىساسلىقلار زاپاس قوشۇنى هازىرلاپ بېرىشى لازىم.

### 3. دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا

ۋەكىللەر 10 ـ بەش يىللىق پىلان پروگراممىسى توغرىسىدىكى دوكلاتنى قاراپ چىققاندا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى زور كۈچ بىلەن قوغداپ، شىنجاڭنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ۋە دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىملىقىنى بىلدۈردى.

ۋەكىل هامىدىن نىياز مۇنداق دېدى: ئۆتكەن بىر يىلدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى قانۇن چىقىرىش ۋە قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىش خىزمىتىدە زور تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈردى، بولۇپمۇ، قانۇن چىقىرىش جەھەتتە ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»غا زۆرۈر تۈزىتىش كىرگۈزدى، بۇ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدۇ. مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى دوكلاتىنىڭ روهىغا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ يەرلىك نىزام چىقىرىش ئېهتىياجىغا قارىتا تەكشۈرۈشنى، نىزام تۈزگۈچى كادىرلار قوشۇنىنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ، نىزام چىقىرىش سۈپىتىنى ۋە قانۇن ـ نىزاملارنىڭ قوللىنىلىشچانلىقىنى ئۆستۈرۈپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنىڭ ئېهتىياجىغا ماسلىشىشى لازىم.

ۋەكىل ئابدۇراخمان ئەلى مۇنداق دېدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدىكى هەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەهكىمىلىرى، خەلق تەپتىش مەهكىمىلىرى گەرچە قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسى يەنىلا تۆۋەن، بولۇپمۇ ئادەم كىرگۈزۈشتە ئۆتكەل چىڭ تۇتۇلمىغانلىقتىن، بۇ ئورگانلارغا كىرگەن خادىملارنىڭ ساپاسى ، دېلو بېجىرىش ئۈنۈمى ۋە سۈپىتىمۇ تۆۋەن بولدى، يەنە خاتا بېجىرىلگەن دېلولار، مۇناسىۋەت دېلولىرى يۈز بېرىپ، ئامىمىنىڭ كۈچلۈك ئىنكاسىنى قوزغىدى. خەلق سوت مەهكىمىلىرى، خەلق تەپتىش مەهكىمىلىرى ۋەزىيەتنىڭ ئېهتىياجى بويىچە، هەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نازارىتىدە، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى

ئۈزلۈكسىز ئۈستۈرۈپ، ئەدلىيە قوشۇنىدىكى ئامىغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان پارازىتلارنى قاتتىق جازالىسا.

ۋەكىل شۇسىيى مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە ئىجرا قىلىش قىيىن بولۇش مەسىلىسى بىلەن قالايمىقان ئىجرا قىلىش مەسىلىسى ئاممىنىڭ سوت مەھكىمىسى خىزمىتىدىن نارازى بولىدىغان مەسىلىگە، شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى زور كۈچ سەرپ قىلىپ تۈزىگەن بولسىمۇ ئوڭشالمايدىغان «جاھىل كېسەل»گە ئايلىنىپ قالدى. بۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبى شۇكى، سوت مەھكىمىلىرى ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان ئىجرا قىلىش تۈزۈلمىسى ئىجرا خىزمىتىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلىشالماي، سوت مەھكىمىلىرىنىڭ يەرلىككە ئارتۇقچە يۆلىنىۋېلىشىغا سەۋەب بولۇپ، يەرلىك قورۇقچىلىقنى پەيدا قىلدى؛ سوت مەھكىمىلىرى بىلەن باشقا دۆلەت ئورگانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قانۇن بويىچە قېلىپلاشتۇرۇلماي، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ياخشى ماسلاشماسلىقىغا، تالاش ـ تارتىش كۆپ بولۇشىغا، بىر ـ بىرىنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋېلىشىغا، ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنىڭ ئورنىنىڭ قانۇن كاپالىتىگە ئىگە بولالماسلىقىغا، ئاكتىپچانلىقىنىڭ يۇقىرى بولماسلىقىغا، مەسئۇلىيەتچانلىقىنىڭ كۈچلۈك بولماسلىقىغا سەۋەب بولدى. شۇڭا، سوت مەھكىمىلىرى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىپ، ئىجرا قىلىش شارائىتىنى تېزدىن ياخشىلاپ، دېلونى ئاياغلاشتۇرۇش نىسبىتىنى ئۆستۈرسە.

ۋەكىللەر بىردەك مۇنداق قارىدى: نۆۋەتتە قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلارغا بولغان نازارەتچىلىك سالمىقىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، ئەدلىيە ئادىللىقىنى قوغداش، بولۇپمۇ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش جەريانىدا، نازارەتچىلىك تۈزۈلمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ چىرىكلىشىش قىلمىشىنى قاتتىق جازالاش كېرەك.

ۋەكىل ۋاڭ لېچۇەن مۇنداق دېدى: چىرىكلىكنى جازالاش ئۈچۈن، مۇھىمى بىر يۈرۈش مۇكەممەل نازارەتچىلىك تۈزۈلمىسى بولۇشى كېرەك. غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، دۆلەتنىڭ غەربىي رايوننىڭ ئۇل مۇئەسسەسىلىرىگە سالغان مەبلىغى ۋە شەرقىي قىسمىدىكى خەلق كاپىتالى غەربىي رايونغا ئۈزلۈكسىز ئېقىپ كىرىدۇ، غەربىي رايوندا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش بىر مۈشكۈل ۋەزىپىگە ئايلىنىدۇ. شىنجاڭ بۇنىڭ ئۈچۈن نازارەتچىلىك تۈزۈلمىسىنى ئورناتتى، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي ساھەگە چېتىلىدىغان تارماقلارغا ئاپتونوم رايون تەگىشىش مېخانىزمىنى ئورناتتى. چىرىكلەشكەنلەرنىڭ سۈپەتسىز قۇرۇلۇش قىلىشىدىن ساقلىنىپ، قۇرۇلۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن قۇرۇلۇشنى نازارەت قىلىدىغانلارنى مەخسۇس تەكلىپ قىلىپ، نازارەتچىلىكنى كۈچەيتتى.

**4. شىنجاڭ ئىقتىسادىدا زور تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدا**

9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 ـ يىغىنىغا قاتناشقان شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر زۇڭلى جۇرۇڭجى بەرگەن «خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 10 ـ بەش يىللىق پىلان پروگراممىسى توغرىسىدىكى دوكلات»نى قاراپ چىققاندا مۇنداق دەپ قارىدى: دوكلاتتا 9 ـ بەش يىللىق پىلان ئومۇمىيۈزلۈك خۇلاسىلىنىپ، 10 ـ بەش يىللىق پىلان ئىلمىي ئاساستا پىلانلىنىپتۇ، بۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى يېڭى ئەسىرگە باشلايدىغان ھەرىكەت پروگراممىسى بوپتۇ. بىز پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ۋەزىيەتكە قاراپ ئىش تۇتىدىغانلا بولساق، تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلالايمىز. 10 ـ بەش يىللىق پىلاننىڭ ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايمىز.

**نۇرگۈل كېرەم تەرجىمىسى**

**مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى**

# خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ چەتتىن ئاڭلاش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك

نۇرگۈل كېرەم

ئېلىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى بىر خىل ۋاستىلىك دېموكراتىك تۈزۈم بولۇپ، پۇقرالار دۆلەت ھاكىمىيىتىنى بىۋاستە يۈرگۈزمەيدۇ، ئەمما خەلق قۇرۇلتىيى خەلققە مەسئۇل بولۇپ، خەلقنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. پۇقرالارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى چۈشىنىشى نازارەت قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بىر دېموكراتىك دۆلەتتە پۇقرالار دۆلەت ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولۇش ھوقۇقىغا، جۈملىدىن ئەھۋالنى بىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. «پەقەت پۇقرالار ھەممىنى بىلگەندىلا، ئاندىن ھەممىگە ھۆكۈم قىلالايدۇ ھەمدە ئاڭلىق ھالدا مۇشۇ ئىشلار بىلەن شۇغۇللانسا دۆلەت قۇدرەت تاپالايدۇ.»※ خەلق قۇرۇلتىيىدا چەتتىن ئاڭلاش تۈزۈمىمۇ ماھىيەتتە پۇقرالارنىڭ ئەھۋالنى بىلىش ھوقۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىق.

پۇقرالارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىنى ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنى چەتتىن ئاڭلىشى بۇندىن 10 نەچچە يىل بۇرۇن باشلانغان. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ بىر تۈرلۈك كونكرېت مەزمۇنى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان. 1989 ـ يىل 4 ـ ئايدا تۈزۈلگەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش قائىدىسىدە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا چەتتىن ئاڭلىغۇچىلار ئورنى تەسىس قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. دائىمىي كومىتېتنىڭ ئىش قائىدىسىدە گەرچە ئېنىق بەلگىلىمە بولمىسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلار دائىمىي كومىتېت يىغىنىنى چەتتىن ئاڭلاشقا تەكلىپ قىلىندى. بىرقانچە يىلدىن بۇيان، يەرلىكتىكى بەزى خەلق قۇرۇلتايلىرىمۇ پۇقرالارنىڭ چەتتىن ئاڭلاش تۈزۈمىنى پەيدىنپەي ئورناتتى. ئۇلار كۆپىنچە چەتتىن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ سانىنى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغا ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى، بۇ ئورۇنلار ئادەم ئەۋەتىپ يىغىننى چەتتىن ئاڭلىدى. بۇ ئۇسۇل خېلى ئۈنۈم بەردى. ئەمەلىي سىناق نەتىجىسىدىن قارىغاندا، چەتتىن ئاڭلىغۇچىلار يىغىننى چەتتىن ئاڭلاشقا ئاكتىپ قاتناشمايدىغان، چەتتىن ئاڭلاشنى شەكىلگە ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان ئەھۋالمۇ كۆرۈلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بەزى شەھەرلەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى بەزى يېڭىچە ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، پۇقرالارنىڭ چەتتىن ئاڭلاش خىزمىتىنى كۈچەيتتى. بىرقانچە يىللىق چەتتىن ئاڭلاش خىزمىتى ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، مېنىڭچە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ چەتتىن ئاڭلاش تۈزۈمىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپتىن مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ:

بىرىنچى، چەتتىن ئاڭلىغۇچىلار دائىرىسىنى كېڭەيتىش لازىم. چەتتىن ئاڭلىغۇچىلار سانىنى ئىككىگە بۆلۈپ، بىر بۆلىكىنى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئادەم ئاجرىتىپ چەتتىن ئاڭلىشىغا ئاجرىتىپ بېرىش كېرەك. بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىش شۇكى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن باشقا تەڭ دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك ئوبيېكتى بولغاچقا، بۇ ئورگانلارنىڭ مەسئۇللىرى خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ قانۇنلۇق چەتتىن ئاڭلىغۇچىسى، شۇڭا بۇ ئورگانلاردىكى خادىملار ھۆكۈمەت خادىمى سالاھىيىتى بىلەن چەتتىن ئاڭلاشقا قاتناشسا بولمايدۇ. يەنە بىر بۆلىكى جەمئىيەتكە ئېلان قىلىنىشى، پۇقرالار كىملىكىنى ياكى خىزمەت كىنىشكىسىنى ئېلىپ كېلىپ تىزىملىغا ئالدۇرۇشى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى بەلگىلىمە بويىچە چەتتىن ئاڭلاش شەرتىگە ۋە ئادىل بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن چەتتىن ئاڭلىغۇچىلارنى بېكىتىشى لازىم. چەتتىن ئاڭلاشنى ئىلتىماس قىلىش شەرتىنى بەك مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتمەسلىك لازىم. نۆۋەتتە تۈرلۈك ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دائىمىي كومىتېت

يىغىنىنى چەتتىن ئاڭلايدىغان پۇقرالارنىڭ سانى چەكلىمىگە ئۇچراۋاتىدۇ. بۇندىن كېيىن خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىن زالىنى لايىھىلىگەندە، ئۇنى ئىككى قەۋەت قىلىپ، چەتتىن ئاڭلىغۇچىلار ئورنىنى ئىككىنچى قەۋەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئويلىشىپ بېقىش كېرەك. شۇنداقلا چەتتىن ئاڭلىغۇچىلار سانىنى داۋاملىق كۆپەيتىش كېرەك. گورۇپپا يىغىنىنى چەتتىن ئاڭلاش ماھىيەتلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا، پۇقرالارنىڭ گورۇپپا يىغىنىنى چەتتىن ئاڭلىشىغا پەيدىنپەي رۇخسەت قىلىش كېرەك.

ئىككىنچى، چەتتىن ئاڭلاشنى قېلىپلاشتۇرۇش لازىم. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىش ۋە قارار چىقىرىش جەريانىغا قاتنىشىشتا، قانۇندا بەلگىلەنگەن سالاھىيەتكە ئىگە بولۇش ۋە تەرتىپكە قاتتىق ئەمەل قىلىش لازىم. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىدىغانلارنى يىغىنغا قاتنىشىدىغانلار، سىرتتىن قاتنىشىدىغانلار، چەتتىن ئاڭلايدىغانلار دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. يىغىنغا قاتنىشىدىغانلارنىڭ تەكلىپ بېرىش ھوقۇقى (قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا يېتىشى كېرەك)، قاراپ چىقىش ھوقۇقى ۋە ئاۋاز بېرىش ھوقۇقى بولىدۇ. يىغىنغا سىرتتىن قاتنىشىدىغانلار (دائىمىي كومىتېت يىغىنىنى ئېلىپ ئېيتساق) مۇنداق ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلغا تەۋە بولغان ۋەكىللەر، مەخسۇس كومىتېتنىڭ ئەزالىرى، تۆۋەن دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ تەكلىپ بېرىش ھوقۇقى، ئاۋاز بېرىش ھوقۇقى بولمايدۇ، ئەمما قاراپ چىقىش ھوقۇقى بولىدۇ. ئىككىنچى خىلدىكىلەرنىڭ تەكلىپ بېرىش ھوقۇقى، قاراپ چىقىش ھوقۇقى، ئاۋاز بېرىش ھوقۇقى بولمايدۇ. ھۆكۈمەت، سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇلى ۋە ئالاقىدار خادىملىرى بۇنىڭ مىسالى. ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى پىكىرلەرنى ئاڭلاش، سوئالغا جاۋاب بېرىش بولۇپ، يىغىننىڭ تەلىپى بويىچە تەكلىپ ياكى ئالاقىدار ئەھۋاللارغا قارىتا چۈشەنچە بېرىدۇ ياكى بۇ جەھەتتە ئىزاھات بېرىدۇ. چەتتىن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ پەقەت ئاڭلاش ھوقۇقىلا بولىدۇ، ئۇلار تەكلىپنىڭ مەزمۇنى، قاراپ چىقىلىش ئەھۋالى ۋە ئاۋاز بېرىش نەتىجىسىدىن خەۋەردار بولىدۇ، تەكلىپ بېرەلمەيدۇ، قاراپ چىقالمايدۇ ۋە تەكلىپكە قارىتا ئاۋاز بېرەلمەيدۇ. شۇڭا، چەتتىن ئاڭلىغۇچىلار قائىدىسى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنىڭدا يىغىنغا ۋاقتىدا قاتنىشىش، يىغىننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇش، پىكىر بەرمەسلىك، يىغىندا قاراپ چىقىشقا ۋە ئاۋاز بېرىشكە دەخلى يەتكۈزمەسلىكتەك بەلگىلىمىلەرنى بېكىتىپ، چەتتىن ئاڭلاش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ چەتتىن ئاڭلاش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە ھەمدە يىغىننىڭ نورمال ئېچىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

ئۈچىنچى، چەتتىن ئاڭلاشنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. چەتتىن ئاڭلىغۇچىلار قانۇندا بەلگىلەنگەن سۇبيېكتلىق سالاھىيىتىنى ھازىرلىمىغاچقا، تەكلىپلەرنى قاراپ چىقىشقا قاتناشسا بولمايدۇ. چەتتىن ئاڭلاشنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، خىلمۇ خىل ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ چەتتىن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ پىكىر ۋە تەۋسىيەلىرىنى ئاڭلاپ بېقىش لازىم. ئالايلۇق، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى چەتتىن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ تەكلىپىنى، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى توغرىسىدىكى يازما پىكرى ۋە تەۋسىيەسىنى قوبۇل قىلىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، چەتتىن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئالاقىدار تەكلىپ توغرىسىدىكى پىكىر ۋە تەۋسىيەلىرىنى ئاڭلاش لازىم. چەتتىن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ۋەكىللەرگە ۋە دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەرگە يىغىندىن كېيىن پىكىر ۋە تەۋسىيەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا رۇخسەت قىلىش ۋە ئۇنى قوللاش لازىم.

قىسقىسى، خەلق قۇرۇلتىيىدا چەتتىن ئاڭلاش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىنى نازارەت قىلىشىنى كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش بېجىرىش سۈپىتىنى ۋە خىزمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيى ماقۇللىغان قانۇن، نىزام، قارارلارنىڭ خەلق مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

**(ئاپتور ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمىدىن)**

---

**ئىزاھات:**

※«لېنىن ئەسەرلىرى» 33 ـ توم 16 ـ بەت (خەنزۇچە).

**مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى**

# WTO غا كىرىشنىڭ ئېلىمىز قانۇن - تۈزۈمىگە بولغان تەسىرى

دىڭ جىجى

دۇنيا سودا تەشكىلاتى يەنى WTO نۆۋەتتە دۇنيادا تەسىرى كۈچلۈك ئىقتىسادىي بىرلەشمە گەۋدە ھەم دۇنيا سودا تەشكىلاتى ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودا ماجرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۆزئارا مەنپەئەت ۋە نەپ يەتكۈزۈشنى ئورۇنلاشتۇرۇش، چېگرا بېجىنى ۋە باشقا سودا قورغانلىرىنى كېمەيتىش ئارقىلىق خەلقئارا سودىدىكى كەمسىتىش خاراكتېرىدىكى مۇئامىلىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان خەلقئارا تەشكىلات. بۇ تەشكىلاتنىڭ ھازىر 134 ئەزاسى بولۇپ، ئۇنىڭ باشقۇرۇش تەۋەسىدىكى سودا مىقدارى پۈتۈن دۇنيا سودا ئومۇمىي مىقدارىنىڭ %90 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. جۇڭگو - ئامېرىكا، جۇڭگو - ياۋروپا سودا كېلىشىمىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تەشكىلاتقا كىرىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىدىن ئىبارەت بۇ ئىقتىسادىي بىرلەشكەن دۆلەتلەرنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى.

## دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن - تۈزۈمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق

دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىن، دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى زەربىگە ۋە تەسىرگە ئۇچراشتىن خالىي بولالمايدۇ. قانۇن نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش بىزگە نىسبەتەن زور خىرىس شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى زور پۇرسەت.

بىرىنچىدىن، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن سىستېمىسىنى قېلىپلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. قانۇن سىستېمىسى دېگىنىمىز مەزكۇر دۆلەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىنىڭ قانۇنلىرىدىن تەشكىللەنگەن بىر پۈتۈن گەۋدىنى كۆرسىتىدۇ. تەشكىلاتقا كىرگەندىن كېيىن، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ كېلىشىمى ۋە دۆلىتىمىز بەرگەن ۋەدىگە ئاساسەن، چەتكە چېتىلىدىغان ئىقتىسادىي سودا ئىشلىرىنى بېجىرىشى لازىم. دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ ئالاقىدار كېلىشىمىگە ئاساسەن ھەرقايسى ئەزا دۆلەتلەرنىڭ قانۇنى ئوچۇق - ئاشكارە، ئوبيېكتىپ، ھەقىقىي، مۇۋاپىق بولۇشى، ئومۇمەن سودا مۇھىتى ۋە شارائىتىغا تەسىر قىلىش مۇمكىنچىلىكى بولغان بەلگىلىمە ۋە تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلان قىلىش لازىم. قانۇننى بىردەك ئىجرا قىلىنغان ئادىل سودا شەرتى بىلەن زىت قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ. دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ ئومۇمىي ئىقتىسادىي سودا پۈتۈم، كېلىشىملىرى ھەرقايسى ئەزا دۆلەتلىرىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى سودا قانۇنىنىڭ مەنبەسىگە ئايلاندى، لېكىن مەملىكىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى قانۇن سىستېمىسى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن كۆرۈنەرلىك ئاجرىلىپ چىقمىغاچقا، ھازىرقى زامان بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايۋاتىدۇ. شۇڭا، ئالاقىدار قانۇن تارماقلىرى ھازىر بار بولغان قانۇن، نىزام، قائىدە ۋە قېلىپلاشقان ھۆججەتلەرنى ئېنىقلىشى، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ كېلىشىمىگە ۋە دۆلىتىمىز بەرگەن ۋەدىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان قانۇن بەلگىلىمىلىرىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈشى ھەتتا بىكار قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن دۆلىتىمىز بازار ئىگىلىكى قانۇن سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشى ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى لازىم.

ئىككىنچىدىن، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشتە بىر تۈركۈم قانۇن، نىزاملارنى تۈزۈشكە ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. جۇڭگو دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىن، بازار ئىگىلىكىنى تەڭشەيدىغان ئاساسىي قانۇن بولۇش سۈپىتىدىكى ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ رولى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولىدۇ. بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، بازار ئىگىلىكى قانۇن سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشتا چوقۇم بىر مۇكەممەل ھەق تەلەپ قانۇنى كودېكسىيىسى بولۇشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە مەملىكىتىمىزنىڭ جۇڭگو ـ چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلار قانۇنى، جۇڭگو ـ چەت ئەل ھەمكارلىقىدىكى كارخانىلار قانۇنى، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان شېرىكسىز كارخانا قانۇنى بىلەن شىركەت قانۇنى، شېرىكسىز كارخانا قانۇنى قاتارلىقلارنى بىرلەشتۈرۈشنى پەيدىنپەي ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن ھەق تەلەپ قانۇنى كودېكسىيىسى سۈبيېكتىنى شەكىللەندۈرۈپ، شىركەت قانۇنى، شېرىكلىشىش قانۇنى، مۇستەقىل مەبلەغ سالغان كارخانىلار قانۇنىدىن تەشكىللەنگەن بازار ئىگىلىكى سۈبيېكتىنى قېلىپلاشتۇرىدىغان ئاساسىي قانۇن تۈزۈمىنى ئورتاق بارلىققا كەلتۈرۈش لازىم.

ئۈچىنچىدىن، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىش ئېلىمىزنىڭ ئەدلىيە ئىسلاھاتى ۋە ئەدلىيە ئادىللىقىغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويىدۇ. دۇنيا سودا تەشكىلاتى ئوتتۇرىغا قويغان ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئەدلىيە قۇتقۇزۇشى توغرىسىدىكى تەلەپكە ئاساسەن، ماجىرالارنى سوت قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىش توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىپ، بۇ ئارقىلىق ئەدلىيىنىڭ ماجىرانى ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلىش فۇنكسىيىسىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

تۆتىنچىدىن، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنىڭ ئالاقىدار كېلىشىملىرىدە سوت مەھكىمىسى ئەدلىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ ئېنىق تەلەپ قويۇلدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سوت مەھكىمىسى مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ كونكرېت ۋە ئابستراكت مەمۇرىي ھەرىكەتلىرىنى تەكشۈرۈشكە ھوقۇقلۇق. بۇ ئەدلىيىگە تېخىمۇ ئېغىر ۋەزىپىلەرنى يۈكلەش بىلەن بىللە، سوت خادىملىرىنىڭ ساپاسىغا يۇقىرى تەلەپلەرنى قويىدى. بۇندىن باشقا دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشىگە ئەگىشىپ، تۆكمە قىلىپ سېتىشقا قارشى تۇرۇش دېلولىرى، سايابەتچىلىك كەسپىدىكى ماجىرالار زور دەرىجىدە كۆپىيىدۇ. ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى دېلوسى، ۋەيران بولۇش دېلوسىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىدا زور ئۆزگىرىش بولىدۇ. بۇلارمۇ ساپانى ۋە قانۇن ئىجرا قىلىش سەۋىيىمىزنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

**خەلقئارا شەرتنامىنى دۆلەت ئىچىدە مۇۋاپىق قوللىنىش توغرىسىدىكى تەپەككۇر**

دۆلىتىمىزدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەستىقلىغان ياكى گوۋۇيۈەن تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان، دۆلىتىمىزدە كۈچكە ئىگە بولغان خەلقئارا شەرتنامىلەردىن، بايانات ئېلان قىلىپ ساقلىنىدىغان مەزمۇنلاردىن باشقىلىرى، كۆپ تەرەپ ياكى ئىككى تەرەپ تۈزگەن شەرتنامە ياكى كېلىشىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى دۆلىتىمىز خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ چەتكە چېتىلىدىغان مۇناسىۋەتلىك دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىشىنىڭ قانۇنىي ئاساسى قىلىنىدۇ. دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشتە، ئورغۇنلىغان خەلقئارا شەرتنامىلەرنىڭ دۆلەت ئىچىدە كۈچكە ئىگە بولۇش مەسىلىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى مۇقەررەر. نۇرغۇن خەلقئارا شەرتنامىلەر دۆلەت ئىچىدىكى قانۇنىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇلۇش بىلەن بىللە مېنىڭچە، دۆلىتىمىزنىڭ ئەدلىيە ئەمەلىيىتى ۋە ئەدلىيە تۈزۈمىنىمۇ مۇناسىپ تەڭشەش لازىم.

بىرىنچى، ئادەتتىكى چەتكە چېتىلىدىغان دېلولارنى سوت قىلىش ھوقۇقىنى ئاساسىي قاتلامدىكى خەلق سوت مەھكىمىلىرى يۈرگۈزىدۇ. نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزدە چەتكە چېتىلىدىغان مۇناسىۋەتلىك دېلولارنى سوت قىلىش ھوقۇقىنى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىلىرى يۈرگۈزىدۇ. بۇ بۇرۇنقى پىلانلىق ئىگىلىك مەزگىلىدە، ئېلىمىزنىڭ تاشقى سودا ئالاقىسى ئانچە كۆپ

بولمىغانلىقى، چەتكە چېتىلىدىغان دېلولارنىڭ بىرقەدەر ئاز بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشىگە ئەگىشىپ، چەتكە چېتىلىدىغان دېلولار ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئاممۇۋى سودا دېلولىرىنىڭ سانى ۋە يېڭى ماجىرا تۈرلىرىمۇ مۇقەررەر ھالدا كۆپىيىدۇ. يەنە ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ چەتكە چېتىلىدىغان دېلولارنى بىرىنچى سوتتا بىر ياقلىق قىلىشى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سېلىقىنى مۇقەررەر ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ ـ دە، ئۇلار ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ كەسپىي خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلالمايدۇ. بۇ ئارقىلىق ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ سوت قىلىش كەسپىي سەۋىيىسى ۋە ئاساسىي قاتلام خەلق سوت مەھكىمىلىرىدىكى سودىيەلەرنىڭ سوت قىلىش سەۋىيىسى ۋە كەسپىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، چەتكە چېتىلىدىغان دېلولارنى بىر ياقلىق قىلىشتا خەلق زاسىداتېللىق تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى «خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بەش يىللىق ئىسلاھات پروگراممىسى»دا، خەلق زاسىداتېللىق تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش تەلىپىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. مېنىڭچە، خەلق زاسىداتېللىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇش سودىيىنىڭ بىلىم جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلايدۇ. مەخسۇس بىلىمگە ئىگە بولغان خەلق زاسىداتېللىرى دېلونى بىر ياقلىق قىلىشقا قاتناشسا، چەتكە چېتىلىدىغان دېلولارنى ئوبيېكتىپ، ھەققانىي خاراكتېرگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە چەتكە چېتىلىدىغان دېلولارنى بىر ياقلىق قىلىشتا سودىيە بىلەن ئالاقىدار كىشىنىڭ ئارىلىقىنى قىسقارتقىلى، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. خەلق زاسىداتېللىرىنىڭ سالاھىيىتى توغرىسىدا مېنىڭچە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى «خەلق زاسىداتېللىرى نىزامى»نى تۈزۈپ، خەلق زاسىداتېللىرىنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتى قاتارلىقلار توغرىسىدا قانۇن جەھەتتە بەلگىلىمە چىقىرىشى لازىم.

ئۈچىنچى، مەملىكەتتىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىدە ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى سوت كوللېگىيىسى، چەتكە چېتىلىدىغان خەلق سودا سوت كوللېگىيىسىنى تەسىس قىلىش لازىم. WTO غا كىرىشنىڭ يېقىنلىشىشى ۋە دۆلەتنى پەن ـ مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى. ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشتىكى ئەدلىيە تۈزۈمى تېخىمۇ سىستېمىلاشتى ۋە مۇكەممەللەشتى. شۇڭا، مېنىڭچە ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى دېلولىرىنى سوت قىلىشنىڭ ئىلمىي، ھەققىي بولۇشىغا ۋە نوپۇزىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مەملىكەتتىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىدە ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى سوت كوللېگىيىسىنى تەسىس قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھازىرقىدەك ھەق تەلەپ ۋە ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسىدە چەتكە چېتىلىدىغان دېلولارنى قاراپ چىقىپ بىر ياقلىق قىلىش ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە WTO غا كىرگەندىن كېيىنكى مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە ماسلىشالمايدۇ. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىدە دۆلەت ئىچىدىكى ھەق تەلەپ سوت كوللېگىيىسى ۋە ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىلىرىدىن باشقا چەتكە چېتىلىدىغان ھەق تەلەپ سوت كوللېگىيىسى ۋە سودا سوت كوللېگىيىسىنى تەسىس قىلىش لازىم.

(**«خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلۇشى ژۇرنىلى»**نىڭ **2000** ـ يىل **11** ـ سانىدىن **ئادىل تۇرسۇن** تەرجىمىسى)

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم

# يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش ھوقۇقىنى قانداق يۈرگۈزۈشى توغرىسىدا مۇلاھىزە

چېن جۈن ، جى رۇڭخۇڭ

**مۇھەررىر ئىلاۋىسى:**

چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش ھوقۇقى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇھىم ھوقۇقلىرىدىن بىرى. بۇ ھوقۇقنى ياخشى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، بەلگىلىك تەجرىبىلەرنى جۇغلىدى. لېكىن، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى قارار قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە، قانداق قىلغاندا ھەم خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ھەم ھوقۇقىدىن ھالقىپ كەتمەيدىغان مەقسەتكە يېتەلەيدۇ؟ بولۇپمۇ چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنىڭ دائىرىسى، چېكىنى قانداق بېكىتىش كېرەك؟ دېگەن مەسىلە يەنىلا نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن يەنىمۇ تەتقىق قىلىشقا، ئىزدىنىشكە تېگىشلىك تېما.

«چوڭ ـ چوڭ ئىشلار» ئۇقۇمى ئۈستىدە يەنە داۋاملىق چۈشەنچە بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتە، ھوقۇقنىڭ قانۇن پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىش، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارار قىلىش ھوقۇقى بىلەن پارتكومنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىكى قارار قىلىش ھوقۇقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

ئۆز مەمۇرىي رايونى تەۋەسىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە قارار قىلىش ــــ ئاساسىي قانۇن ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇن يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىغا ئاتا قىلغان مۇھىم خىزمەت ھوقۇقى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار ئاتا قىلغان بۇ مۇھىم خىزمەت ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. شۇنداقتىمۇ چوڭ چوڭ ئىشلارنىڭ دائىرىسى ۋە چېكىنى ئىلمىي ئاساستا بېكىتىش ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

## 1. چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنىڭ چەك دائىرىسىنى قانداق ئايرىش كېرەك؟

يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە قارار قىلىشنىڭ چەك دائىرىسى توغرىسىدا ئاساسىي قانۇن ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا بەلگىلىمە تۈزۈلگەن. بۇ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىدىكى ئاساسىي قانۇن ئاساسى ۋە قانۇن ئاساسى. ئەمما، ئاساسىي قانۇن ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇننىڭ بەلگىلىمىلىرى ئارتۇقچە پرىنسىپال بولغانلىقتىن، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قارار

قىلىش هوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان ۋاقىتتا ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالماي، بۇ ئىشنى ئىگىلەپ كېتىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى هېس قىلماقتا. يولداش پېڭ جېن «چوڭ ـ چوڭ ئىشلار»نىڭ چېتىلىدىغان دائىرىسى ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇنىڭ «ئومۇمىي دائىرىلىك، ئۇزاق مۇددەتلىك، تۈپ ـ نېگىزلىك» مەسىلىلەرگە ئالاقىدار ئىشلار بولۇشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. لېكىن، بۇ كونكرېت ئىشلەشكە تېگىشلىك مەسىلىنى هەل قىلىپ بېرەلمەيدۇ. چۈنكى، «ئومۇمىي دائىرىلىك، ئۇزاق مۇددەتلىك، تۈپ ـ نېگىزلىك» بولۇش دېگەنلىك بىر هالەت بولۇپ، تەرەققىيات ئۇقۇمى هېسابلىنىدۇ. ئۇ باسقۇچ خاراكتېرىگە ۋە سېلىشتۇرۇشقا بولمايدىغان خاراكتېرگە ئىگە. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئومۇمەن ئېيتقاندا، يەرلىك هەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ تۆت چوڭ خىزمەت هوقۇقى ئىچىدە، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش هوقۇقى ۋە ئۇنى يۈرگۈزۈش، نىسبەتەن ئىگىلەش ئەڭ قىيىن هوقۇق.

دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي گەۋدىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يەرلىك هەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش هوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشى خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشىنىڭ ئاساسىي شەكلى. ئۇ هەم پارتىيىنىڭ دۆلەتنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرىغا بولغان تەشەببۇسلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، قانۇنىي تەرتىپ بويىچە ئۇنى دۆلەت ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ مۇهىم ئۆتكىلى هەم خەلقنىڭ ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ مۇهىم ئۆتكىلى هېسابلىنىدۇ. ئۇ يەنە دۆلىتىمىزدە بارلىق هاكىمىيەتنىڭ خەلققە مەنسۇپ بولۇشىدەك تۈپ پرىنسىپنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. شۇڭلاشقا، نەزەرىيە جەهەتتىن ئېيتقاندا، ئۆز مەمۇرىي رايونى تەۋەسىدىكى كۆپ سانلىق ئامىنىڭ جانىجان مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغانلىكى ئىشلار ياكى كۆپ سانلىق ئاما كۆڭۈل بۆلىدىغانلىكى ئىشلارنىڭ هەممىسىنى چوڭ ـ چوڭ ئىشلار دائىرىسىگە كىرىدۇ، دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتى 1997 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان «سايلام قانۇنى ۋە يەرلىك تەشكىلىي قانۇننى چۈشەندۈرۈش ۋە سوئال ـ جاۋاب» ناملىق كىتابتا، ئۇن نەچچە يىللىق ئەمەلىيەتنى خۇلاسىلەپ، «چوڭ ـ چوڭ ئىشلار»نىڭ مۇنۇ بەش تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى:

(1) ئۆز رايونى ئىچىدىكى چوڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرى، بولۇپمۇ ئۆز رايونى يەرلىك هۆكۈمىتىنىڭ بىرقەدەر زور مەبلەغ سېلىشىغا چېتىلىدىغان تۈرلەر، كۆپ سانلىق ئامىنى كۆچۈرۈشكە چېتىلىدىغان تۈرلەر، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇققا ۋە مۇهىت ئاسراشقا چېتىلىدىغان تۈرلەر. مەسىلەن: تۆمۈر يول، تاش يول ياساش، سۇ قۇرۇلۇشى ئىنشائاتى قاتارلىقلار؛ (2) ئۆز رايونىدىكى چوڭ ـ چوڭ ئىسلاهات ئېلىپ بېرىش تۈرلىرى. مەسىلەن: ئورگان ۋە كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاهاتى، داۋالاش ـ ـ ساقلىقنى ساقلاش تۈزۈمى ئىسلاهاتى قاتارلىقلار؛ (3) بىر مەزگىللىك ۋاقىت ئىچىدە ئاما ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلار. مەسىلەن: مال باها مەسىلىسى، مەهسۇلاتلارنىڭ سۈپەت مەسىلىسى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى تۈزەش مەسىلىسى قاتارلىقلار؛ (4) ئۆز رايونىدىكى مەمۇرىي رايونلارنى ئايرىشتىكى بىرقەدەر چوڭراق تەرتىپكە سېلىش ئىشلىرى. مەسىلەن: كەڭرەك دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان كىچىك يېزىلارنى بىرلەشتۈرۈپ چوڭ يېزا قۇرۇش ياكى چوڭ يېزىلارنى كىچىك يېزىلارغا ئايرىش قاتارلىقلار؛ (5) ئۆز رايونىدىكى شۇ دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلارنى كۆپەيتىش، قوشۇۋېتىش، ئەمەلدىن قالدۇرۇش ... قاتارلىق ئىشلار.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، يۇقىرىقى خاس قانۇن چۈشەندۈرۈش خاراكتېرىگە ئىگە چۈشەندۈرۈش نېمىنىڭ «چوڭ ـ چوڭ ئىشلار» ئىكەنلىكىدەك مەسىلىنى هەل قىلىپ بېرەلمەيدۇ. يۇقىرىقى بەش جەهەتتىكى ئىشلارنىڭ بەزىسىنى تامامەن مۇقىملاشتۇرغىلى ۋە ئۇنىڭغا ئۆلچەم بېكىتكىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، ئۆز رايونى ئىچىدىكى چوڭ قۇرۇلۇش تۈرى دېگەندە، بۇ «چوڭ»نى بېكىتىش ئاسان ئەمەس؛ بەزىسى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەر بىلەن زىت كېلىپ قالىدۇ. مەسىلەن، ئۆز رايونىدىكى شۇ دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلارنى كۆپەيتىش، قوشۇۋېتىش، ئەمەلدىن قالدۇرۇش قاتارلىق ئىشلار. چۈنكى، يەرلىك تەشكىلىي قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، يۇقىرىقى ئىشلاردا شۇ دەرىجىلىك خەلق هۆكۈمەتلىرى بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق هۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشىغا

سۈنىدۇ ھەم شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەنگە ئېلىشغا يوللايدۇكى، ئۇ ئىشلار ھەرگىز خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارار قىلىشىغا تەۋە ئىشلار ئەمەس؛ بەزىسى مەنتىقىغە ئۇيغۇن ئەمەس، ئوخشاش مەزمۇن تەكرارلانغان خالاس. مەسىلەن، چوڭ - چوڭ ئىشلار ئۆز رايونىدىكى چوڭراق ئىسلاھاتقا ياتىدىغان ئىشلارنى كۆرسىتىدۇ، دېيىلسە، بۇ مەنتىقىي جەھەتتىن زىددىيەتلىك ئۇقۇم پەيدا قىلىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بەزى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش جەھەتتىكى ئىلگىرىلىشى ناھايىتى ئاستا بولدى. بۇ يەردىكى ئاساسىي مەسىلە شۇكى، ئۇلار كۆز قاراش جەھەتتە ئىككىلىنىپ يۈرۈپ، خېلى كۆپ زېھنىنى «چوڭ - چوڭ ئىشلار»غا قانداق تەبىر بېرىشكە سەرپ قىلدى. ھەتتا تونۇش جەھەتتىكى نائېنىقلىقتىن قۇتۇلۇپ چىقالمىدى. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ پىلان ۋە مالىيە خام چوتى ، نەق چوتىنى «چوڭ - چوڭ ئىشلار»غا تەۋە دەپ قارىغاندىن تاشقىرى، باشقا ئىشلارنى، مەسىلەن، چوڭ - چوڭ مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىنى بېكىتىش، چوڭ - چوڭ ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىش ھەمدە ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ئىشلار قاتارلىق جەھەتلەرگە ئالاقىدار چوڭ - چوڭ ئىشلار ئۈستىدە قانداق قارار چىقىرىش مەسىلىسىدە ئېنىق قانۇن ئاساسىغا ئىگە ئەمەس. ئاساسىي قانۇن، يەرلىك تەشكىلىي قانۇننىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلار توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرى بىرقەدەر تۇتۇق ۋە پرىنسىپال. بۇ قىيىن تېمىنى ھەل قىلىش، قانۇن جەھەتتىن ئۇنىڭغا ئېنىق تەبىر بېرىشتە پۈتۈنلەي مىسال كەلتۈرۈپلا چۈشەندۈرۈش مۇمكىن بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇ بۇ مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلىشنىڭ چارىسى ئەمەس.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، «چوڭ - چوڭ ئىشلار»غا بولغان تونۇشنىڭ مۇۋەققەسى نوقۇللا ساپ نەزەرىيە ئانالىزى ۋە سۇبيېكتىپ ھۆكۈم ئۈستىگە ئەمەس، بەلكى قانۇن ئاساسى ئۈستىگە تۇرغۇزۇلۇشى كېرەك. ئاشۇنداق بولغاندىلا چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش مۇمكىن بولۇپلا قالماستىن، ئەمەلىيەتتىمۇ قوللانغىلى بولىدىغان، ھەم بۇ ھوقۇقنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزەلەيدىغان ھەم ھوقۇقتىن ھالقىپ ئۆز ئالدىغا تارتۇالىدىغان مەسىلىنىڭ چىقىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، چوڭ - چوڭ ئىشلار ئۈستىدىكى كۆز قاراش مەسىلىسىدە ئۇنىڭغا تەپسىلىي تەبىر بېرىشنىڭ يەنە زۆرۈرىيىتى يوق. بۇ مەسىلىگە قانۇن جەھەتتىن ھازىرقىدىنمۇ ئېتراپلىق تەبىر بېرىش مۇمكىن ئەمەس.

ئىككىنچىدىن، چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتە ھوقۇقنىڭ قانۇنىي پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش لازىم. بۇ چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش ھوقۇقىنى تونۇش ۋە مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يادروسى. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى مۇھاكىمە قىلىدىغان، قارار قىلىدىغان چوڭ - چوڭ ئىشلار چوقۇم ئاساسىي قانۇن، قانۇنلاردا شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى مۇھاكىمە قىلىش، قارار قىلىش بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدىكى ئىشلار بولۇشى كېرەككى، قانۇنلاردا شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت، سوت مەھكىمىسى ۋە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇھاكىمە قىلىشى، قارار قىلىشى ئېنىق بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدىكى ئىشلار بولماسلىقى كېرەك. مەسىلەن، يەرلىك تەشكىلىي قانۇندا: ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىدە نازارەت، ئىدارە، كومىتېت قاتارلىق خىزمەت تارماقلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشىنى، كۆپەيتىلىشىنى ياكى قوشۇۋېتىلىشىنى شۇ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى گوۋۇيۈەنگە يوللاپ تەستىقلىتىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. ئۇنداق ئىكەن، ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يۇقىرىقى ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىش، قارار قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ، دېگەن سۆز.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلارنىڭ دائىرىسىنى بەلگىلىشىمىز قانۇن بويىچە تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتكە يىغىنچاقلىنىشى لازىم. يەنى، ئومۇمەن ئاساسىي قانۇن، قانۇنلاردا خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى مۇھاكىمە قىلىدۇ، قارار قىلىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن ئىشلار ۋە ئومۇمەن ئاساسىي قانۇن، قانۇنلاردا باشقا دۆلەت ئورگانلىرى ھوقۇق يۈرگۈزىدۇ دەپ

ئېنىق بەلگىلەنگەن ئىشلاردىن باشقا ئىشلار. دېمەك، يۇقىرىقى ئىككى جەھەتتىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى مۇھاكىمە قىلىدىغان، قارار قىلىدىغان ئىشلاردۇر.

مۇنداق بولغاندا، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنىڭ ئۇقۇم مەنىسىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنىڭ ئىچكى مەنىسىگە كەلسەك، ئۇ ئومۇمەن ئۆز رايونى تەۋەسىدىكى تۈپ ـ نېگىزلىك، ئومۇمىي دائىرىلىك ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلار بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدا ئاساسلىقى، جايلار ئۆز ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىشى، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى قانۇن ئېڭى ۋە ئەمەلىي تەجرىبىلىرىگە تايىنىپ قارار قىلىش ھوقۇقىنى كونكرېت يۈرگۈزۈشى، يۇقىرىدا دېيىلگەن ئىككى جەھەتكە ئۇيغۇن بولسىلا قارار قىلىش ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈشى كېرەك.

## 2. چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش ھوقۇقى قانداق يۈرگۈزۈلىدۇ؟



يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان چىقارغان چوڭ ـ چوڭ ئىشلار توغرىسىدىكى قارارلىرىنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا، ئۇلارنى تەستىقلاش خاراكتېرىدىكى قارار ۋە ئۆزلىرى بىۋاسىتە چىقارغان قارار، دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. تەستىقلاش خاراكتېرىدىكى قارارلار ئومۇمەن ھۆكۈمەت، سوت مەھكىمىسى ۋە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسەن، ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ ئۇ دوكلاتلارنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى ۋە قوشۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى بۇ جەھەتتە مەيلى تونۇش ياكى مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشتا بولسۇن بىرقەدەر پىششىپ يېتىلدى، دېيىشكە بولىدۇ. ھەر يىلى بۇ مەشغۇلات داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى بۇ ھەقتە بىرمۇنچە قارار چىقىرىۋاتىدۇ. ئۆزلىرى چىقارغان قارار، ئومۇمەن يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئۆزىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھەممىدە خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسى، تەلىپى ۋە قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىگە قارىتا بەرگەن پىكىر، تەلەپ شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، بەزى ئىجتىمائىي قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر ۋە ئۇسۇللارنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، تەستىقلاش خاراكتېرىدىكى قارارلاردىن باشقا بىرمۇنچە قارارلار ئۆزلىرى بىۋاسىتە چىقارغان قارارلاردىن ئىبارەت. مۇشۇ جەھەتتە خەلق قۇرۇلتايلىرىغا ئاتا قىلىنغان چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتە كەڭ ـ كۇشادە بوشلۇق بار. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئۇ خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزى يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى بىر تەرەپتىن چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى، بۇ جەھەتتە خېلى ئازادە ـ بىمالاللىق بارلىقىنى ھېس قىلسا، يەنە بىر جەھەتتە ئەمەلىي ئىشلەشتە ئىگىلەش ـ تونۇپ ئىشلەشنىڭ قىيىنلىقىنى، ھوقۇقنى جايىدا ئىشلىتەلمەيۋاتقىنىنى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا گاڭگىراپ قېلىۋاتقىنىنىمۇ ھېس قىلماقتا. زادى قانداق قىلغاندا چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش ھوقۇقىنى ياخشى يۈرگۈزگىلى بولىدۇ؟

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قارار قىلىش ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، چوقۇم دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىنى تولۇق ئويلىشىش، ھەممىدىن ئاۋۋال خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارار قىلىش ھوقۇقى بىلەن پارتكومنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي قارار قىلىش ھوقۇقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى جەزمەن توغرا تونۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارار قىلىش ھوقۇقى بىلەن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە كەلسەك، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق دۆلىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇ-

لۇشىغا ئەگىشىپ، بۇ خىل مۇناسىۋەت پەيدىنپەي راۋاـ
لاشماقتا. ئۇنىڭ تەرەققىيات ئىزىمۇ بارغانسېرى روشەنـ
لەشمەكتە. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى سىياسىي پرىنسىپ،
سىياسىي يۆنىلىش، ئۇ چوڭ تەدبىرلەر ئۈستىدىكى رەھـ
بەرلىك. بۇ خىل رەھبەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئۇـ
سۇلى شۇكى، پارتىيىنىڭ تەدبىر، تەشەببۇسلىرى دۆلەت
ئىشلىرىغا چېتىلىدىغانلا بولسا، ئۇ قانۇنىي تەرتىپ ئارـ
قىلىق دۆلەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ. دېمەك، دۆـ
لەت ئىشلىرىغا چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە، پارتىيە تەدبىر
ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، ئۇ ئومۇمەن خەلق قۇرۇلتىـ
يىدا چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەرگە ئالاقىدار تەدبىر ۋە تەكـ
لىپنى بېرىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى قانۇنىي تەرتىپلەر ئارـ
قىلىق پارتىيىنىڭ تەشەببۇسىنى دۆلەتنىڭ قانۇنى ياكى
قارارى دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پارتىيىنىڭ
رەھبەرلىكى دۆلەت ھاكىمىيىتىدە گەۋدىلىنىپ، دۆلەتنىڭ
مەجبۇرلاش كاپالىتى ئاستىدا ئۇ تەشەببۇس ۋە تەدبىرلەر
تېخىمۇ ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلىدۇ. بۇنداق بولغاندا، مۇناـ
سىۋەت بىرقەدەر ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. پارتىيە دۆلەتنىڭ
رەھبەرلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەن بولىدۇ، خەلق قۇرۇلتىـ
يىنىڭ قارار چىقىرىش ھوقۇقىمۇ ئەمەلىيلىشىش ئىمكاـ
نىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى
چوڭ ـ چوڭ ئىشلارغا دائىر قارار چىقىرىشتىن ئىلگىرى،
ئالدى بىلەن پارتكومغا دوكلات قىلىشتا چىڭ تۇرۇشى،
پارتكومنىڭ پرىنسىپ جەھەتتىن قوشۇلۇشىنى قولغا
كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن ئالاقىدار قارارلارنى چىقىـ
رىشى كېرەك. بۇنداق بولغاندا ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار
ئاتا قىلغان چوڭ ـ چوڭ ئىشلار ئۈستىدە قارار چىقىرىش
ھوقۇقى يۈرگۈزۈلۈپلا قالماي، چىقىرىلغان قارارلارنىڭ
ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ ئۇيغۇنلىشىشىغا، ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ
يولغا قويۇلۇشىغىمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارار قىلىش ھوقۇقى بىلەن
ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي قارار قىلىش ھوقۇقى ئوتتۇرىسـ
دىكى مۇناسىۋەتكە كەلسەك، بۇنىڭدا ئەمەلىيەت جەريانىدا
ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر بىرقەدەر كۆپ، خەلق قۇرۇلتىـ
يى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بەزى يولداشلارـ
نىڭمۇ بۇ ھەقتە پىكرى خېلى كۆپ. ئەمەلىيەتتە، نەزەـ
رىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ خىل مۇناسىۋەت ناھايىتى
ئېنىق: خەلق قۇرۇلتىيى ھاكىمىيەت ئورگىنى، ئۇ دۆلەت
ۋە يەرلىكنىڭ تۈرلۈك چوڭ ئىشلىرىنى قارار قىلىدۇ،
ھۆكۈمەت بولسا ئىجرا قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. ھۆكۈـ
مەت خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىجرائىي ئورگىنى ۋە مەمۇرىي
ئورگان سۈپىتىدە قانۇنلارنى، مەمۇرىي نىزاملارنى ۋە يۇـ
قىرى دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇرىي ئورگىنىنىڭ قارار، بېـ
كىتمە ۋە پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىش ۋەزىپىلىرىنى
ئۈستىگە ئالىدۇ. ھۆكۈمەت بۇ ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىشتا
يەنە قانۇنلۇق مەمۇرىي ھوقۇققا ئىگە بولۇپ، ئىجرا قىـ
لىش جەريانىدا بىرمۇنچە مەمۇرىيەت مەسىلىلىرىگە قارىتا
دەل ۋاقتىدا قارار چىقىرالايدۇ ۋە ئۇ شۇنداق قىلىشى
شەرت. قىسقىسى، ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىيەت ھەرىكىتى
قانۇن ئىجرا قىلىش ھەرىكىتىدىن، يەنى، قانۇن ئىجرا
قىلىش ئارقىلىق جامائەتنى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش
ھەرىكىتىدىن ئىبارەت. ئەمما، ئەمەلىيەتتە، بۇ مەسىلىدە
خېلى زور پەرق مەۋجۇت. بەزى يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ناـ
ھايىتى ئېنىق بولغان خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارار قىلىش
ھوقۇقى تەۋەسىدىكى ھوقۇقنى يۈرگۈزمەكتە. مەسىلەن،
خەلق ئىگىلىكى ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى ۋە خام
چوتنىڭ ئۆزگىرىشى مەسىلىسىدە، قانۇندا بۇنى ھۆكۈـ
مەتنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا يوللاپ
تەستىقلىتىشى ئېنىق بەلگىلەنگەن تۇرۇقلۇق، بەزى
جايلاردا ھۆكۈمەت ھەمىشە بۇنى مەلۇم قىلمايدۇ. ئىسلاـ
ھاتقا دائىر چوڭ ـ چوڭ پىلانلار ۋە زور كۆلەمدىكى ئىقـ
تىسادىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى يولغا قويۇش، ئۆز مەمۇرىي
رايونىدا كۆپ سانلىق پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىغا چېتىلىدىـ
غان ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى تۈزۈش قاتارلىقلاردا، بۇمۇ
خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى قارار قىـ
لىدىغان ئىش تۇرۇقلۇق، بەزى يەرلىك ھۆكۈمەتلەر بۇنى
خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قارار قىلىشىغا سۇنۇشقا ئادەتلىنىپ
كېتەلمىدى ياكى شۇنداق قىلىشنى خالىمايدۇ. بۇنىڭ
بىلەن ئۆز ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىش ئەھۋالى
يۈز بېرىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپلا
قالماستىن، بەلكى بەزى سەۋەنلىكلەرمۇ يۈز بەرمەكتە.
شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كوـ
مىتېتىنىڭ قارار قىلىش ھوقۇقى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ
مەمۇرىي قارار قىلىش ھوقۇقىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا
تونۇش ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. مەمۇرىي

ئورگانلار قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرالىسىلا، قانۇنلار ۋە نىزاملار ئۆلچىمى ئىچىدە ئىش بېجىرسىلا، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش ھوقۇقى ئۆز ئىزىغا چۈشىدۇ. ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا ئاتا قىلغان ھوقۇق ئۇنۇملۇك يۈرگۈزۈلۈشكە ئېرىشەلەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ئاڭلىقلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىقىنى كۈچەيتىشى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى قاراپ چىقىپ قارار قىلىدىغان چوڭ - چوڭ ئىشلارنى ھۆكۈمەتنىڭ ۋاقتى - ۋاقتىدا قاراپ چىقىشقا سۇنۇشىنى تەلەپ قىلىشى لازىم. مۇبادا ھۆكۈمەتنىڭ نامۇۋاپىق قارار، پەرمانلىرىنى بايقىسا، ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىنىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈشى ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇشىنى تەلەپ قىلىشى ياكى خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرمۇ قانۇن ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە تەرتىپىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ مەمۇرىي ئىشلارنى يۈرگۈزۈشى، قانۇنلار ۋە نىزاملارنى ئۆز ھەرىكىتىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم قىلىشى كېرەك. ئەگەر مەلۇم بىر ئىش ئۈستىدە خەلق قۇرۇلتىيى قارار چىقىرىشنى ياكى ھۆكۈمەت قارار چىقىرىشنى دەماللىققا بىر تەرەپ قىلالمىسا، ئۆز ۋاقتىدا خەلق قۇرۇلتىيى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىشى لازىم. ھۆكۈمەت خەلق قۇرۇلتىيىدا ياكى ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىدا قارار قىلىنغان ئىشلارنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك مەزمۇنلارنى بايقىسا، ئۇنى ئۆز ئالدىغىلا ئۆزگەرتىپ ئىجرا قىلماي، ئاۋۋال چوقۇم خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىپ قارار چىقىرىشىغا سۇنۇشى كېرەك.

خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارار قىلىش ھوقۇقى بىلەن ئوخشاش دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ سوتلاش ھوقۇقى ۋە تەكشۈرۈش ھوقۇقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە كەلسەك، ئەمەلىيەتتە شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، نۆۋەتتە بۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى خېلى ياخشى بولۇپ كەلمەكتە. يەرلىك تەشكىلىي قانۇننىڭ بەلگىلىمىسىدە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى يۈرگۈزىدىغان قارار قىلىش ھوقۇقى تەۋەلىكىدە ئەدلىيىگە ئائىت مەزمۇنلار يوق. دېمەك، بۇنىڭدا ئەدلىيە مۇستەقىللىقىدىن ئىبارەت ئاساسىي قانۇن پرىنسىپى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئەلۋەتتە، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى تەڭ دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ قانۇننى تەتبىقلاش جەريانىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرگە قارىتا نازارەتچىلىك يۈرگۈزىدۇ ھەمدە خەلق سوت مەھكىمىلىرى، تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ خىزمىتى ئۈستىدە قارار چىقىرالايدۇ. ئەمما، خەلق سوت مەھكىمىلىرى، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھۆججەتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرسا بولمايدۇ. دەرۋەقە، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىدا: تەپتىش ھەيئىتى چوڭ دېلولارنى ۋە باشقا چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلغاندا، ئەگەر باش تەپتىش كۆپ سانلىقنىڭ پىكرىگە قوشۇلمىسا، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارار قىلىشىغا يوللىسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ كونكرېت دېلو ۋە ئەدلىيە جەھەتتىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە بىۋاسىتە قارار چىقارسا بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بىردىنبىر ئالاھىدە مىسال.

(**«خەلق قۇرۇلتىيى تەتقىقاتى»** ژۇرنىلىنىڭ **2000** - يىل **12** - سانىدىن **سەمەت دۇگايلى** تەرجىمىسى)

**مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم**

# پۇل - مالنى قەستەن ۋەيران قىلىش جىنايىتىنى سوت قىلىشتىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا

توختىروزى مەتنۇرى

جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 275 ـ ماددىسىدا: «جامائەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى قەستەن ۋەيران قىلغانلاردىن مىقدارى كۆپرەك ياكى باشقا ئېغىر قىلمىشى بولغانلىرىغا ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى، تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش جازاسى بېرىلىدۇ ياكى جەرىمانە قويۇلىدۇ؛ مىقدارى ناھايىتى كۆپ ياكى باشقا پەۋقۇلئاددە ئېغىر قىلمىشى بولغانلارغا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى، يەتتە يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. سوت ئەمەلىيىتى داۋامىدا پۇل ـ مالنى قەستەن ۋەيران قىلىش جىنايىتىنى بىر تەرەپ قىلىش داۋامىدا جىنايەتنىڭ ئۇقۇمى، سوممىسى، قىلمىشى قاتارلىق جەھەتلەردە تالاش ـ تارتىش كېلىپ چىقتى. مەن تۆۋەندە مۇشۇ ھەقتىكى بەزى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

## 1. پۇل ـ مالنى قەستەن ۋەيران قىلىش جىنايىتىنىڭ ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىش شەرتلىرى

پۇل ـ مالنى قەستەن ۋەيران قىلىش جىنايىتى دېگىنىمىز ـــ جامائەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ كۆپرەك پۇل ـ مېلىنى قەستەن ۋە قانۇنسىز ھالدا ۋەيران قىلىش ياكى بۇزۇۋېتىش قىلمىشىنى ياكى بۇ جەھەتتىكى قىلمىشى ئېغىر بولغان ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ جىنايەتنىڭ دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ئوبيېكتى ـــ جامائەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى، دەخلى ـ تەرۇز قىلىدىغان نىشانى ـــ جامائەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ تۈرلۈك پۇل ـ ماللىرى بولۇپ، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى، تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى، كۆچمە مۈلۈك، مۇقىم مۈلۈك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ جىنايەت ئوبيېكتىپ جەھەتتە جامائەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى قەستەن ۋەيران قىلىش قىلمىشى سۈپىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. ۋەيران قىلىش مۇنداق ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى، جامائەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى ۋەيران قىلىپ، ئۇنىڭ قىممىتى ۋە پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىدۇ؛ يەنە بىرى، زىيانغا ئۇچرىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، پۇل ـ ماللارنىڭ قىممىتى ۋە پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى قىسمەن يوق قىلىۋېتىدۇ. ۋەيران قىلىش ئۇسۇللىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئوت قويۇش، پارتلىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلىشى مۇمكىن.

بۇ جىنايەتنىڭ سۇبيېكتى ـــ ئادەتتىكى سۇبيېكت بولىدۇ. يەنى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 17 ـ ماددىسىدا بەلگىلەنگەن جىنايى جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان، جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 18 ـ ماددىسىدا بەلگىلەنگەن جىنايى جاۋابكارلىق ئىقتىدارىغا يەنى ئۆز ھەرىكىتىنى ئاڭقىرىش ۋە كونترول قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ھەرقانداق پۇقرا مەزكۇر جىنايەتنىڭ سۇبيېكتى بولىدۇ.

بۇ جىنايەت سۇبيېكتىپ جەھەتتە قەستەن سادىر قىلىنىدۇ. بۇنىڭدا قىلمىش سادىر قىلغۇچىلارنىڭ مەقسىتى پۇل ـ ماللارنى قەستەن ۋەيران قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ جىنايەتنىڭ مۇددىئاسى كۆپ خىل بولۇپ، ئۆچ ئېلىپ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن قىلىشىمۇ، گۇناھنى باشقىلارغا دۆڭگەپ قويۇش ئۈچۈن قىلىشىمۇ،

رەھبەرلىكتىن نارازى بولۇپ، جامائەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى ۋەيران قىلىشنى ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش ئۇسۇلى قىلىشىمۇ مۇمكىن.

**2. پۇل ـ مالنى قەستەن ۋەيران قىلىش جىنايىتىنىڭ مىقدار ئۆلچىمى ۋە قىلمىش ئەھۋالى توغرىسىدا**

1) مىقدارى كۆپرەك دېگەن مەسىلە توغرىسىدا

جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 275 ـ ماددىسىدا جامائەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ قانچىلىك پۇل ـ ماللىرىنى قەستەن ۋەيران قىلسا «مىقدارى كۆپرەك» دېگەن كاتېگورىيىگە كىرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە يوق. ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىمۇ بۇ ھەقتە ئەدلىيىلىك ئىزاھات چىقارمىدى. سوت ئەمەلىيىتى داۋامىدا «مىقدارى كۆپرەك» دېگەننى ئىگىلەش بىرقەدەر قىيىن بولۇۋاتىدۇ. بەزى جايلاردا جامائەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ 1000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل ـ مېلىنى ۋەيران قىلسا جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىۋاتىدۇ. بەزى جايلاردا نەچچە مىڭ يۈەن ھەتتا نەچچە 10 مىڭ يۈەنلىك پۇل ـ مالنى ۋەيران قىلسا، جىنايەت بېكتىپ جازا بېرىۋاتىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس، شۇنداق بولغاچقا، بۇ جىنايەتتىكى «مىقدارى كۆپرەك» دېگەننىڭ سومما ئۆلچىمىنى مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈشمۇ قىيىن. مېنىڭچە «مىقدارى كۆپرەك» دېگەننىڭ سومما ئۆلچىمىنى بېكىتىشتە تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپتىن ئويلىنىش زۆرۈر. بىرى، ئىقتىسادىي ئاساسىنى ئويلىشىش كېرەك. پۇل ـ مالنى قەستەن ۋەيران قىلىش جىنايىتىنىڭ دەخلى ـ تەرۆز قىلىدىغان ئوبيېكتى جامائەت ۋە شەخسلەرنىڭ پۇل ـ مالغا بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقى، بىۋاستە زىيان يەتكۈزىدىغىنى شەكىللىك مۈلۈك. بۇنداق شەكىللىك مۈلۈك بىۋاستە ھالدا شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا، بۇ جىنايەتنىڭ «مىقدارى كۆپرەك» دېگەن سومما ئۆلچىمىنى ئويلىششتا شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىنىمۇ نەزەرگە ئېلىش، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنىمۇ نەزەرگە ئېلىش لازىم. يەنە بىرى، ئىجتىمائىي زىيانلىق ئاقىۋىتىنىمۇ ئويلىشىش لازىم. جىنايەت بىلەن جازانىڭ ئۆزئارا ماس كېلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن پۇل ـ مالنى قەستەن ۋەيران قىلىش جىنايىتى مال ـ مۈلۈككە دەخلى ـ تەرۆز قىلىش جىنايىتى ئىچىدە ئىجتىمائىي زىيانلىق ئاقىۋىتى بىرقەدەر يېنىك بولغان جىنايەت. شۇڭا، سومما ئۆلچىمىنى بېكىتكەندە بۇ جەھەتتىكى ئامىلنىمۇ ئويلىشىپ كۆرۈش لازىم. ئۈچىنچىدىن، ئوغرىلىق جىنايىتىدە بېكىتىلگەن سومما ئۆلچىمىدىن يۇقىرىراق بولغىنى تۈزۈك. ھازىر مەملىكەت بويىچە ئوغرىلىق جىنايىتىنىڭ سومما ئۆلچىمىدە «مىقدارى كۆپرەك» دېگەندە 2000 يۈەندىن يۇقىرى بولۇش «مىقدارى كۆپرەك» دېگەننىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ ئىجرا قىلىنىۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا 1000 يۈەن ئوغرىلىق جىنايىتىنىڭ سومما ئۆلچىمىدە «مىقدارى كۆپرەك» دېگەننىڭ باشلىنىش ئۆلچەمى قىلىنىۋاتىدۇ. مېنىڭچە پۇل ـ مالنى قەستەن ۋەيران قىلىش جىنايىتىنىڭ سومما ئۆلچىمى «مىقدارى كۆپرەك» دېگەن ئۆلچەمنىڭ ئىككى ھەسسىسى بويىچە بولغىنى مۇۋاپىق. يەنى پۇل ـ مالنى قەستەن ۋەيران قىلىش جىنايىتىنىڭ سومما ئۆلچىمى 2000 يۈەن بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. تۆتىنچىدىن، قانۇننىڭ بىرلىكىنى ئويلىشىش، يەنى رايونلار ئارىسىدىكى پەرقىنىمۇ يول قويۇش، قانۇننىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى بىرلىكىنىمۇ ئويلىشىش لازىم.

2) مىقدارى ناھايىتى كۆپ دېگەن مەسىلە توغرىسىدا

يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك، جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 275 ـ ماددىسىدا بەلگىلەنگەن پۇل ـ مالنى قەستەن ۋەيران قىلىش جىنايىتىدە «مىقدارى ناھايىتى كۆپ» دېگەن مەسىلىنى ئويلىششتا، ئوغرىلىق جىنايىتىدە بېكىتىلگەن «مىقدارى ناھايىتى كۆپ» دېگەن سومما ئۆلچىمىنىڭ 2 ھەسسىسى بويىچە بېكىتىش مۇۋاپىق. مەملىكەت بويىچە ئوغرىلىق جىنايىتىدە «مىقدارى ناھايىتى كۆپ» دېگەننىڭ باشلىنىش نۇقتىسى 5 مىڭ يۈەندىن 20 مىڭ يۈەنگىچە ئۆلچەم قىلىنغان. ئاپتونوم رايونىمىزدا

ئوغرىلىق جىنايىتى «مىقدارى ناھايىتى كۆپ» دېگەننىڭ باشلىنىش ئۆلچىمى 10 مىڭ يۈەن قىلىپ بېكىتىلدى. شۇڭا، پۇل ـ مالنى قەستەن ۋەيران قىلىش جىنايىتىدە «مىقدارى ناھايىتى كۆپ» دېگەننىڭ باشلىنىش ئۆلچىمىنى 20 مىڭ يۈەن قىلىپ بېكىتىش مۇۋاپىق.

3) ئېغىر قىلمىشى بولۇش دېگەن مەسىلە توغرىسىدا

جامائەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى قەستەن ۋەيران قىلغانلاردىن قىلمىشى ئېغىر بولغانلار دېگەندە، تۆۋەندىكى بىرقانچە ئامىلنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك. مۇھىم ئەسلىھە ۋە نەرسىلەرنى ۋەيران قىلىپ، ئېغىر زىيان كەلتۈرگەنلەر ؛ گۇناھنى باشقىلارغا دۆڭگەپ قويغانلار، دەللىل ـ ئىسپاتلارنى بۇزۇۋەتكەنلەر ۋە قېچىپ كېتىشكە ئۇرۇنغانلار؛ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، خەتەردىن قۇتقۇزۇش، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، دۆلەت مۇداپىئەسى، مەكتەپلەر، دوختۇرخانا ۋە يېتىم ـ يېسىرلار پاراۋانلىق ئورۇنلىرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ۋەيران قىلىش قاتارلىق ئامىللار.

4) پەۋقۇلئاددە ئېغىر قىلمىشى بولۇش دېگەن مەسىلە توغرىسىدا

پەۋقۇلئاددە ئېغىر قىلمىشى بولۇش دېگەننى ئېغىر قىلمىشى بولۇش دېگەندىن بىر بالداق كۆتۈرۈپ تەھلىل قىلىش كېرەك. بۇ جىنايەت سوممىسى بىرقەدەر كۆپ بولغان ياكى جامائەت ۋە شەخسلەرنىڭ پۇل ماللىرىنى ۋەيران قىلىپ ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىشنى كۆرسىتىدۇ. ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇش دېگەندە، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت پائالىيەتلىرىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزگەن ياكى كىشىلەرنىڭ ئېغىر كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان قىلمىشى بولۇش كېرەك. مەسىلەن: قىممىتى ۋە مىقدارى ناھايىتى كۆپ بولغان پۇل ـ ماللارنى ۋەيران قىلىش، دۆلەتنىڭ مۇھىم ماددىي ئەشيالىرىنى ۋەيران قىلىپ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلىش، سۇغۇرتا پۇلىنى ئالداپ ئېلىۋېلىش ئۈچۈن جامائەتنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى ۋەيران قىلىش، يەر تەۋرەش، كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەرگەندە، جامائەت ۋە شەخسلەرنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى ۋەيران قىلىش قاتارلىقلار.

### 3. پۇل ـ مالنى قەستەن ۋەيران قىلىش جىنايىتى بىلەن باشقا جىنايەتلەرنىڭ چەك ـ چېگرىسى

1) پۇل ـ مالنى قەستەن ۋەيران قىلىش جىنايىتى بىلەن باشقا مال ـ مۈلۈككە دەخلى ـ تەرۇز قىلىش جىنايىتىنىڭ چەك ـ چېگرىسى. بۇ جىنايەتلەرنىڭ ئورتاقلىقى شۇكى، زورلۇق قىلىش، ئاشكارە ۋاسىتىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، جامائەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ پۇل ـ مېلىنى بۇلايدۇ ياكى ۋەيران قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ پەرقى: ① مەقسىتى ئوخشىمايدۇ. جامائەت ۋە شەخسلەرنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى قەستەن ۋەيران قىلىش جىنايىتىنىڭ مەقسىتى ئۆچ ئېلىش ياكى باشقىلارنىڭ نام ـ شۆھرىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، باشقىلارغا بېسىم پەيدا قىلىش ياكى خىزمەت، مۇئامىلىدىن نارازى بولۇش قاتارلىق مۇرەككەپ مەقسەت مۇددىئانى چىقىش قىلىدۇ. مال ـ مۈلۈككە دەخلى ـ تەرۇز قىلىش جىنايىتى بولسا، باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئىگىلىۋېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ؛ ② دەخلى ـ تەرۇز قىلىدىغان ئوبيېكت بولىدۇ، مال ـ مۈلۈككە دەخلى ـ تەرۇز قىلىش جىنايىتىنىڭ ئوبيېكتى ئوخشىمايدۇ. پۇل ـ مالنى قەستەن ۋەيران قىلىش جىنايىتىنىڭ دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ئوبيېكتى مۇرەككەپ ئوبيېكتىپ بولىدۇ؛ ③ پۇل ـ مالنى قەستەن ۋەيران قىلىش جىنايىتى بىلەن مال ـ مۈلۈككە دەخلى ـ تەرۇز قىلىش جىنايىتىنىڭ ئوبيېكتىپ شەرتلىرى ئوخشاشمايدۇ. پۇل ـ مالنى قەستەن ۋەيران قىلىش جىنايىتى ئاشكارە ياكى مەخپىي ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، پۇل ـ مالنى ۋەيران قىلىدۇ؛ مال ـ مۈلۈككە دەخلى ـ تەرۇز قىلىش جىنايىتى بولسا زورلۇق قىلىش، تەھدىت سېلىش، ئالداش، خىزمەتتىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىش قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، جامائەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئىگىلىۋالىدۇ.

2) پۇل ـ مالنى قەستەن ۋەيران قىلىش جىنايىتى بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزۈش جىنايە-

تىنىڭ چەك ـ چېگرىسى. پۇل ـ مالنى قەستەن ۋەيران قىلىش جىنايىتى ئوت قويۇش جىنايىتى، يار قويۇۋېتىش جىنايىتى، پارتلىتىش جىنايىتى، قاتناش ـ ترانسپورت ئۈسكۈنىلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى، ئاسان ئوت ئالىدىغان، ئاسان پارتلايدىغان ئۈسكۈنىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى، خەۋەرلىشىش ئەسلىھەلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى قاتارلىق جىنايەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ ھەم پەرقلىنىدۇ. بۇ جىنايەتلەرنىڭ ئوخشاشلىقى ھەممىسى جامائەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ پۇل ـ مېلىنى ۋەيران قىلىدىغان قىلمىشنى ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلارنىڭ پەرقى بىرىنچىدىن، بۇ جىنايەتلەرنىڭ ئوبيېكتىپ مۇھىم شەرتلىرى ئوخشىمايدۇ؛ پۇل ـ مالنى قەستەن ۋەيران قىلىش جىنايىتى قانداق مەقسەت ـ مۇددىئانى چىقىش قىلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەقەت قەستەنلىكتىنلا شەكىللىنىدۇ، باشقا جىنايەتلەر قەستەنلىكتىنمۇ شەكىللىنىدۇ، سەۋەنلىكتىنمۇ شەكىللىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، دەخلى ـ تەرۇز قىلىدىغان ئوبيېكتى ئوخشاشمايدۇ. پۇل ـ مالنى قەستەن ۋەيران قىلىش جىنايىتىنىڭ دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ئوبيېكتى جانسىز نەرسە بولىدۇ؛ جامائەت خەۋپسىزلىكىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىش جىنايىتى بولسا ھەم جانسىز نەرسىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىدۇ ھەم ئادەم ۋە ھايۋانلارغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، جىنايەت شەكىللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم شەرتلىرى ئوخشىمايدۇ. پۇل ـ مالنى قەستەن ۋەيران قىلىش جىنايىتى ئاقىۋەت كېلىپ چىققان جىنايەت بولىدۇ. جامائەت خەۋپسىزلىكىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىش جىنايىتىدە جامائەت خەۋپسىزلىكىگە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزىدىغان قىلمىشنى سادىر قىلغانلا بولسا جىنايەت شەكىللىنىدۇ.

3) پۇل ـ مالنى قەستەن ۋەيران قىلىش جىنايىتى بىلەن قاتناش ھادىسىسى جىنايىتى، زور جاۋابكارلىق ھادىسىسى جىنايىتىنىڭ چەك ـ چېگرىسى. پۇل ـ مالنى قەستەن ۋەيران قىلىش جىنايىتى بىلەن قاتناش ھادىسىسى جىنايىتى، زور جاۋابكارلىق ھادىسىسى جىنايىتىنىڭ سۇبيېكتى ئوخشاش بولۇپ، سۇبيېكتىپ مۇھىم شەرتلىرى بىلەن ئوبيېكتى ئوخشاشمايدۇ. پۇل ـ مالنى قەستەن ۋەيران قىلىش جىنايىتى سەۋەنلىكتىن يۈز بەرگەن بولسا جىنايەت شەكىللەنمەيدۇ. قاتناش ھادىسىسى جىنايىتى ۋە زور جاۋابكارلىق ھادىسىسى قەستەن ۋەيران قىلىش جىنايىتىنىڭ دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ئوبيېكتى جامائەتنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ پۇل ـ مالغا بولغان ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ. قاتناش ھادىسىسى جىنايىتى بىلەن زور جاۋابكارلىق ھادىسىسى جىنايىتىنىڭ دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ئوبيېكتى باشقۇرۇشقا دائىر بەلگىلىمىلەر بولىدۇ.

4) پۇل ـ مالنى قەستەن ۋەيران قىلىش جىنايىتى بىلەن قورال ـ ياراغ، ھەربىي ئەسلىھە، ھەربىي خەۋەرلىشىش ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتىنىڭ چەك ـ چېگرىسى. بۇ ئىككى جىنايەت ئوبيېكتىپ جەھەتتىن قەستەنلىكتىن يۈز بېرىدۇ. ئوبيېكتىپ جەھەتتە پۇل ـ مالنى قەستەن ۋەيران قىلىش جىنايىتى ئاكتىپ قىلمىشتىن شەكىللىنىدۇ، پاسسىپ قىلمىشتىنمۇ شەكىللىنىدۇ. پۇل ـ مالنى قەستەن ۋەيران قىلىش جىنايىتىنىڭ پۇل ـ مالغا بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقى بولىدۇ. قورال ـ ياراغ، ھەربىي ئەسلىھە، ھەربىي خەۋەرلىشىش ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتىنىڭ دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ئوبيېكتى دۆلەت مۇداپىئە مەنپەئىتى بولىدۇ. بۇ ئىككى جىنايەتنىڭ سۇبيېكتى پەقەت ئادەتتىكى سۇبيېكت بولىدۇ. بۇ ئىككى جىنايەتكە بېرىلىدىغان جازا ئوخشاشمايدۇ. پۇل ـ مالنى قەستەن ۋەيران قىلىش جىنايىتىگە يۇقىرى بولغاندا مۇددەتلىك 7 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلىدۇ. قورال ـ ياراغ، ھەربىي ئەسلىھە، ھەربىي خەۋەرلىشىش ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتىگە مۇددەتسىز قاماق جازاسى، ھەتتا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

**(ئاپتور گۇما ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىدىن)**

**مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم**

# كادىرلارنى قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇنىڭغا قارشى تەدبىرلەر

خوالڭ شۇيو

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يەرلىك خ ق داڭمىي كومىتېتلىرىنىڭ قانۇن بويىچە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى جەھەتتە ناھايىتى زور ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كېلىپ، نۇرغۇنلىغان يېڭى، مول مەزمۇنلۇق خىزمەتلەر ئىشلەنگەن بولسىمۇ، كادىرلارنى قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش خىزمىتى داۋامىدا ھېلىھەم سەل قارىغىلى بولمايدىغان بەزى مەسىلىلەر ساقلانماقتا. بۇلارنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**بىرىنچى، نۆۋەتتە كادىرلارنى قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش خىزمىتى داۋامىدا ساقلىنىۋاتقان ئاساسىي مەسىلىلەر**

*1. ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان ئادەمنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشتىن ئىلگىرى چوڭقۇر چۈشەنمەسلىك.* ھازىر ئادەتتە قوللىنىۋاتقان ئۇسۇل: خ ق داڭمىي كومىتېتى قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى خادىملار بىلەن ئىككى مەھكىمىدىكى قانۇن ئىجرا قىلىدىغان، دېلو بېجىرىدىغان خادىملار توغرىسىدا، كۆپىنچە ۋەزىپىگە تەيىنلەشتىن ئىلگىرىكى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان خادىملارنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەشكە ئالاقىدار ماتېرىياللىرىنى خ ق داڭمىي كومىتېتىغا مەلۇم قىلىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان خادىملارنى تەكشۈرۈشنى پارتكوم تەشكىلات تارماقلىرى بىلەن نامزات كۆرسەتكەن ئورۇن رەھبەرلىكى ۋە كادىرلار تارماقلىرى ئېلىپ بارىدىغان بولغاچقا، كونكرېت ئەھۋالنى خ ق داڭمىي كومىتېتى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدۇ، تاكى داڭمىي كومىتېت يىغىنى ئېچىلغانغا قەدەر ۋەزىپىگە تەيىنلەشكە تونۇشتۇرۇلغان خادىملارنىڭ ئالاقىدار ماتېرىياللىرى ئاندىن داڭمىي كومىتېت تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ قولىغا تارقىتىپ بېرىلىدۇ. نامزات كۆرسەتكەن ئورۇنلارنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان خادىملارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشىدا كۆپ ھاللاردا مەنسەپ ۋە تەكەللۇپ سۆزلىرى كۆپ، ماھىيەتلىك مەزمۇنلار ئاز تونۇشتۇرۇلىدۇ، نەتىجىلەر ئۈستىدە بىر دۆۋە سۆزلەر ئېيتىلىپ، يېتەرسىزلىك تەرەپلەر بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلىنىدۇ.

*2. ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش بەزى ھاللاردا قائىدە، نىزاملارغا زىت بولۇپ قېلىش.* بىرىنچىدىن، ماقۇللاشقا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. بەزى پارتكوملار ئۆزى كۆرسەتكەن نامزاتلار توغرىلىق خ ق داڭمىي كومىتېتىدىن ماقۇللاشقا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالىدۇ. مۇبادا ئايرىم نامزات ماقۇللانماي قالسا، بۇ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنمىغانلىق دەپ قارىلىدۇ. نەتىجىدە بۇنداق ئەھۋال خ ق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان نۇرغۇنلىغان يولداشلارنىڭ كۆڭلىنى تەشۋىشكە سېلىپ قويىدۇ. ئىككىنچىدىن، ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن ئۆزگىرىش كۆپ بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ خ ق داڭمىي كومىتېتى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن ۋاقتى ئانچە ئۇزۇن بولمىسىمۇ خىزمىتى يۆتكىلىدۇ، بەزىلەر ھەتتا شۇ بىر نۆۋەتلىك مەزگىلدە بىرقانچە قېتىم ئالماشتۇرۇلۇپ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن خ ق داڭمىي كومىتېتىنىڭ كادىرلارنى قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلەشتىكى سۈرى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. ئۈچىنچىدىن، ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش

قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە بىجىرىلمەيدۇ.
بەزىدە كادىرلارنى قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلەشكە
توغرا كەلسە، پارتكومغا ئەۋەتكەن ئالاقىلەرگە: × × ×
پالانى ئىدارىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، خ ق دائىـ
مىي كومىتېتىنىڭ تەرتىپىدىن ئۆتكەندىن كېيىن قايـ
تىدىن ئېلان قىلىنىدۇ، دەپ يېزىپ قويىدۇ. بەزىلىرى
ھەتتا تېخى خ ق دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنـ
لەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش تەرتىپىدىن ئۆتكۈزۈلمەي
تۇرۇپلا ۋەزىپىگە قويۇلىدۇ ياكى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىدۇ،
شۇنداقلا بۇ تورغۇنلىغان ئاخبارات ۋاستىلىرىدە ئاشكارە
كۆزگە چېلىقىدۇ.

*3. ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىنكى ئۈنۈملۈك نا-
زارەتچىلىك كەمچىل بولۇش.* نۆۋەتتە خ ق دائىمىي كو-
مىتېتلىرى ئۆزى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن كادىرلارغا قارىتىلـ
غان ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىنكى نازارەتچىلىك ناـ
ھايىتى ئاز بولۇۋاتىدۇ. بەزىلىرى ھەتتا ۋەزىپىگە تەيىنلەپ
قويۇپلا ئىشنى بولدى قىلىۋاتىدۇ. بەزى جايلار گەرچە
خىزمەت مەلۇماتىنى باھالاشنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ،
ئەمما باھالىنىدىغان ئوبيېكتلارنى تاللىغاندا، ھەمىشە ياخـ
شىلارنىلا تاللىۋېلىپ، ناچارلىرىغا دىققەت ـ ئېتىبارىنى
قاراتمايۋاتىدۇ؛ خىزمەت مەلۇماتىنى باھالاشنى قانات يايـ
دۇرغاندا، كۆلنى كۆپ، تىكەننى ئاز تېرىپ، ئىناقلىقـقا،
مۇناسىۋەتكە زىيان ۋە تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشتىن ئەندىشە
قىلىۋاتىدۇ، ئىز قوغلاپ نازارەتچىلىك قىلىشنى تېخىمۇ
ئورۇنلىيالمايۋاتىدۇ. ئەمدى قانۇندا ئېنىق بەلگىلەنگەن
قاتتىق نازارەتچىلىك قىلىش ۋاستىسىگە كەلسەك، ئالايـ
لۇق، سورۇشتۇرمە قويۇش، ئالاھىدە مەسىلىلەر ئۈستىدە
تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا تەشكىللەش، ئەمەلدىن ئېـ
لىپ تاشلاش ياكى ۋەزىپىسىدىن بىكار قىلىش قاتارلىق
شەكىللەر ناھايىتى ئاز قوللىنىلىۋاتىدۇ. خ ق دائىمىي
كومىتېتلىرىنىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەندىن كېـ
يىنكى ئۈنۈملۈك نازارەتچىلىكى كەمچىل بولۇۋاتقانلىقى
تۈپەيلىدىن، ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن كادىرلارنىڭ ھوقۇقىغا
زورۇر بولغان چەكلىمە قويۇشمۇ يېتەرسىز بولغاچقا، بۇ
خىل ئەھۋال ئۇلارنىڭ قانۇن ئېڭى، خەلق چاكىرى بولۇش
ئېڭىنى تەسىرگە ئۇچرىتىپلا قالماي، بەزىلىرىدە ئېغىر دە-
رىجىدىكى ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ كۆمچىگە چوغ تارتىـ
دىغان، قانۇن، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىدىغان قىلمىشلار
كۆرۈلۈپ، ھەتتا جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىغا قاراپ ماڭماقتا.

**ئىككىنچى، قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلىنىد-
غان، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلىدىغان كادىرلار خىزمە-
تىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە قاراتمىلىقلىق تەد-
بىرلەرنى قوللىنىش لازىم**

*1. قانۇنلارنىڭ نوپۇزىنى قوغداپ، قەتئىي قانۇن بو-
يىچە ئىش بىجىرىش لازىم.* بەزى كادىرلار بولۇپمۇ رەھبە-
رىي كادىرلاردا ساقلىنىۋاتقان قانۇنچىلىق كۆز قارىشى ئا-
جىز بولۇش، خىزمەتتە بۇيرۇقۋازلىق قىلىش، ئىش بىجى-
رىشتە سۇبيېكتىپ پەرىزى بويىچە ئىشلەش، سۆزىنى قا-
نۇننىڭ ئورنىغا دەسسىتىش، ھەتتا ھوقۇقى بىلەن قانۇننى
بېسىش قاتارلىق ناچار خاھىشلارنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن،
قانۇن بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تەرەققىياتىنى تېز-
لىتىپ، ئومۇمىي خەلققە قارىتىلغان قانۇننى ئومۇملاشتۇ-
رۇش تەربىيىسىنى كۈچەيتىش لازىم. بولۇپمۇ رەھبىرىي
كادىرلارنى قانۇن بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلەشنى كۈ-
چەيتىپ، قەرەللىك ھالدا رەھبىرىي كادىرلاردىن قانۇن بىـ
لىملىرى بويىچە ئىمتىھان ئېلىپ ۋە قانۇن ساپاسىنى
تەكشۈرۈپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇنلارنى ئەستايىدىل
ئۆگىنىشى، قانۇن قوراللىرىنى قوللىنىشقا ئۈزلۈكسىز ھەيـ
دەكچىلىك قىلىپ، سۆز ۋە ھەرىكىتىدە قانۇن بويىچە ئىش
كۆرۈشنى ئورۇنلاش لازىم. تېخى قانۇندا بەلگىلەنگەن
تەرتىپ بويىچە ئىجرا قىلىنمىغانلارغا قارىتا، سىرتقا ئېلان
چىقىرىشقا بولمايدۇ، ئۇلارنى ئالدى بىلەن ۋەزىپىگە تەيىنـ
لەپ خىزمەت قىلىشقا قاراپ باقىدىغان ئىشنى قىلىشقا
بولمايدۇ. قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن كادىرلارنى
ئادەتتە ئاسانلىقچە تەگىشمەي، نىسبىي مۇقىملىقىنى ساقـ
لاش لازىم؛ جەزمەن تەگىشەشكە تېگىشلىك بولغانلىرىنى
قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپلەردىن ئۆتكۈزۈپ، قانۇنلارنىڭ
نوپۇزىنى قوغداش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا
خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك
پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە، قانۇنلاردا ئاتا قىلىنىغان

24

خىزمەت ھوقۇقىغا ئاساسەن، ئۆز رولىنى ئەستايىدىل جارى قىلدۇرۇپ، قانۇن ۋە پارتىيىنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنىڭ توغرا ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

*2. پارتىيىنىڭ كادىرلارنى باشقۇرۇشى بىلەن خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ كادىرلارنى قانۇن بويىچە ئۆزىيىگە تەيىنلەش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم.* پارتىيىنىڭ كادىرلارنى باشقۇرۇش پرىنسىپى ئاللاپ ئۆستۈرۈش، ئىشلىتىش، كادىرلارنى باشقۇرۇش مەسىلىسىدە پارتىيىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش پرىنسىپى بولۇپ، ئۇنىڭ ماھىيىتى پارتىيە كادىرلارنى باشقۇرۇش ئارقىلىق پارتىيىنىڭ دۆلەتكە بولغان رەھبەرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشىنى تېخىمۇ ياخشى تەشكىللەش ۋە ئۇنى قوللاشتىن ئىبارەت. خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقى سوتسىيالىستىك دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ خەلقچىللىقىنىڭ تۈپ گەۋدىلىنىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ماھىيىتى خ ق ۋەكىللىرى سايلاپ چىققان ھاكىمىيەت ئورگانلىرى خەلققە ۋاكالىتەن دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولى ئارقىلىق ئىشىنىشكە بولىدىغان «خەلق چاكىرى»لىرىغا تاپشۇرۇش يولى بىلەن يۈرگۈزۈلىدۇ. ھەممىدە ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئەھۋالى ئۈستىدە نازارەتچىلىك يولغا قويۇلىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پارتىيىنىڭ كادىرلارنى باشقۇرۇشى بىلەن خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قانۇن بويىچە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى تۈپ مەقسەت جەھەتتىن ئېيتقاندا پۈتۈنلەي بىردەك بولۇپ، ھەممىسى خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، خەلق ئىشىنىدىغان «خەلق چاكىرى»نى ياخشى سايلاپ چىقىش، بۇنىڭ بىلەن خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىپ، خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. شۇڭا، پارتكوملار خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ قانۇن بويىچە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىنى پائال قوللىشى، پارتكوملار كۆرسەتكەن نامزاتلار توغرىلىق خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى بىلەن بالدۇرراق ئالاقىلىشىپ، ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان كادىرلارنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇشى، قانداق يېتەرسىزلىكى بولسا شۇنداق يېتەرسىزلىكىنى يېزىشى، يوشۇرماسلىقى، ئېغىزىدىن قېچىپ، يەڭگىللىكىگە ئەھمىيەت بەرمەسلىكى لازىم؛ خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئايرىم نامزاتلارغا قارىتا ئوتتۇرىغا قويغان قارشى پىكىرلىرىگە توغرا مۇئامىلە قىلىپ، خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىدىن پارتكوملار كۆرسەتكەن نامزاتلارنى «ماقۇللاشقا كاپالەتلىك قىلىش»نى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالماسلىقى لازىم. خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى پارتكوملارنىڭ پىكرىگىمۇ ھۆرمەت قىلىشى، دېموكراتىيىنىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، «خەلق رازى بولامدۇ ـ بولمامدۇ» دېگەننى كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى قىلىشى لازىم. پارتكوملار كۆرسەتكەن مۇۋاپىق نامزاتلار ئۈستىدە خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، ئۇلارنى ماقۇللىشى؛ ئايرىم مۇۋاپىق بولمىغان نامزاتلار توغرىسىدا باشقىچە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش توغرا كەلسە ئوتتۇرىغا قويۇپ، رەت قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى رەت قىلىشى لازىم. بۇنداق قىلىش پارتىيە ۋە خەلق ئالدىدا يۈكسەك دەرىجىدە جاۋابكار بولۇشنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ھەرگىزمۇ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنمىغانلىق بولمايدۇ.

*3. ئەھۋالنى چۈشىنىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ئادەمنى چۈشىنىش ۋە ئىشقا قويۇشتا ماھىر بولۇش لازىم.* بىرىنچىدىن، پارتكوم تەشكىلات تارماقلىرى بىلەن خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ كادىرلار تارماقلىرى قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان كادىرلار توغرىلىق ئۇچۇرلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش لازىم. پارتكوم تەشكىلات تارماقلىرى قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان كادىرلارنىڭ ئالاقىدار تەپسىلىي ماتېرىياللىرىنى خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىغا ئۆز ۋاقتىدا بېرىشى لازىم. خ ق دائىمىي كومىتېتى پارتگورۇپپىسى پارتكوم تەشكىلات تارماقلىرى تەمىنلىگەن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان كادىرلارنىڭ ئالاقىدار ماتېرىياللىرىغا ۋە ئادەتتە ئىگىلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن، بۇ ھەقتە ئەستايىدىل مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ئۆز ۋاقتىدا پارتكومغا پىكىر ۋە تەۋسىيىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك. بەزى ئامما ئىنكاس قىلغان ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان كادىرلارنىڭ مەلۇم مۇھىم مەسىلىلىرىگە نىسبەتەن پارتكوم

تەشكىلات ئارماقلىرى تەكشۈرۈش، ئېنىقلاش ئېلىپ بار-
غاندا، خ ق دائىمىي كومىتېتىدىكى خادىملارنى قاتناشتۇ-
رۇپ، خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ كادىرلارنى ۋەزىپىگە
تەيىنلىگەندە كۆڭۈلدە سان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى
لازىم. پارتكوملارنىڭ مۇددىئاسىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشە-
نىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، خ ق دائىمىي كومىتې-
تلىرى قانۇن بويىچە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزى-
پىسىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە، ئۇلارنىڭ
كۆڭۈلدە سان بولماسلىقتەك قىيىن ئەھۋالدا قېلىش ھالى-
تىنى تۈگىتىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئىمتىھان ئېلىش
تۈزۈمىنى ئورنىتىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. تۈزۈم
ئارقىلىق ئومۇمەن خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى قانۇن بو-
يىچە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشكە توغرا كەلسە، ۋەزى-
پىگە تەيىنلەشتىن بۇرۇن كادىرلارنى ئىمتىھانغا قاتناشتۇ-
رۇش شەرت، ئومۇمەن ئىمتىھانغا قاتناشمىغان ياكى قاتى-
ناشقان بولسىمۇ، نەتىجىسى تۆۋەن بولۇپ ئۆتەلمىگەنلەرنى
خ ق دائىمىي كومىتېتى ۋەزىپىگە تەيىنلەشنى بىردەك قا-
راپ چىقمايدۇ؛ ئىمتىھان مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەل-
لەشتۈرۈش ئۈچۈن، ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان كادىرلار
خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئاساسىي تەلپىگە ئاساسەن،
قانۇن بىلىملىرى، سىياسىي نەزەرىيە جەھەتتىكى مەزمۇن-
لاردىن ئىمتىھان ئالغاندىن باشقا، خ ق دائىمىي كومىتېتى
تەركىبىدىكى خادىملارنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان كا-
دىرلارنىڭ رەھبەرلىك قابىلىيىتى ۋە بىلىم سەۋىيىسىنى
چۈشىنىشىگە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، يەنە كەسپىي بى-
لىملەردىنمۇ ئىمتىھان ئېلىش لازىم. ئۈچىنچىدىن، كا-
دىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشتىن بۇرۇن، سىياسىي ئىشلارنى
يولغا قويۇش توغرىلىق نۇتۇق سۆزلىتىشنى ئىشقا ئاشۇ-
رۇش لازىم. ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان كادىرلار تەيىنلى-
نىشتىن بۇرۇن خ ق دائىمىي كومىتېتىغا ۋەزىپە تاپشۇرۇ-
ۋالغاندىن كېيىن ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش جەھەت-
تىكى ئىرادىسى، پىكىر يوللىرى ۋە ئاساسىي تەدبىرلىرى
توغرىلىق دوكلات قىلىشى، سىياسىي ئىشلارنى يولغا قو-
يۇش نۇتقىنى ئۆزى قول تەۋرىتىپ يېزىپ چىقىشى شەرت،
باشقىلارنىڭ ياردەملىشىشىگە يول قويۇشقا بولمايدۇ. مۇ-
شۇنداق قىلغاندا، خ ق دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى-

لەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان كادىرلارنىڭ ئىقتىدار
سەۋىيىسى، سىياسىي ساپاسى ۋە خىزمەت تەپەككۇرى توغ-
رىلىق بىر ئومۇمىي تەسىراتقا ئىگە قىلىپ، ئاۋاز بېرىش-
تىكى قارىغۇلۇقنى ئازايتقىلى بولىدۇ. تۆتىنچىدىن، ئادەت-
تىكى ئەھۋالدا ئالاقىدار ئەھۋاللارنى كۆپ تەرەپلىمە ئىگى-
لەشكە دىققەت قىلىش كېرەك. خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى
ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئۈچىنى تەكشۈرۈش (كۆزدىن كەچۈ-
رۈش) پائالىيىتى ۋە خ ق ۋەكىللىرىنى زىيارەت قىلىش
شۇنىڭدەك خەلق ئاممىسىنىڭ ھال ـ ئەھۋالى ۋە ئەرزىيەت
ئىشلىرىنى قوبۇل قىلىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش
ئارقىلىق، ئالاقىدار دۆلەت ئورگانلىرىدىكى دۆلەت خىزمەت-
چىلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللىرىنى چۈشىنىش ۋە
ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ ھەم
ئۇلارنىڭ ئىسمى ـ جىسمى ۋە سالاھىيىتىنى ھەم سىياسىي
نەتىجىسىنى ۋە نۇقسان ـ كەمچىلىكلىرىنى چۈشىنىشنى
ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. بەشىنچىدىن، كادىرلارنى ۋەزىپىگە
تەيىنلەشتىن ئىلگىرى بۇ ھەقتە ئومۇمىي ئېلان چىقىرىش
تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك. خ ق دائىمىي كومىتېتى
كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشتىن 10 ـ 15 كۈن ئىلگىرى
ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان كادىرلارنىڭ ئىسمىلىكى، قىس-
قىچە تەرجىمىھالىنى جامائەت پىكرى ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق
جاكارلاپ، كەڭ تۈردە خەلق ئاممىسىنىڭ پىكرىنى ئېلىش
لازىم. ئومۇمىي ئېلان چىقىرىلىپ جاكارلانغان مەزگىلدە،
خەلق ئاممىسى ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەر توغرىسىدا كا-
دىرلارنى ئاساسىي باشقۇرغۇچى ئارماقلار تەكشۈرۈش ئې-
لىپ بارسا بولىدۇ (خ ق دائىمىي كومىتېتىمۇ تەكشۈ-
رۈشكە قاتناشسا بولىدۇ) ھەمدە تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە
ئاساسەن، ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغانلارنى يىغىننىڭ قاراپ
چىقىشىغا تاپشۇرۇش ـ تاپشۇرماسلىقنى قاراپ چىقىش
خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدى-
غان ئوبيېكتلارنىڭ ئۈستىدە ئەستايىدىل مۇزاكىرە ئېلىپ
بارماي تۈرۈپلا ئاۋازغا قويىدىغان ئاددىي ئۇسۇلنى قوللى-
نىشقا بولمايدۇ، بەلكى قاراپ چىقىدىغان ماتېرىياللارغا بې-
رىلگەن ۋاقىت يېتەرلىك بولۇشى، دائىمىي كومىتېت تەر-
كىبىدىكىلەرگە تولۇق ئويلىنىش ئىمكانىيىتى بېرىلىشى،
كۆپنىڭ پىكرىنى ئېلىپ، ھالقىنى ئورتاق ئىگىلەپ، ئادىم

ئىشلىتىش جەھەتتىكى سەۋەنلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغانلارنىڭ «قۇسۇرىنى تېپىش»تا دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

*4. كادىرلار ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىنكى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش كېرەك.* خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەندىن كېيىن ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، نازارەتچىلىك ھوقۇقىنى نولۇق يۈرگۈزۈپ، ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن كادىرلارنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يولغا قويۇپ، خەلقنىڭ ياخشى چاكىرى بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. جايلاردىكى خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارەتچىلىكنى يولغا قويۇش جەھەتتىكى ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، ئۈنۈملۈك نازارەتچىلىك شەكلى ئاساسلىقى مۇنداق بىرنەچچە خىل مەزمۇنغا ئىگە: 1. نىشانلىق باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. ئالايلۇق، قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ھۆكۈمەت تەركىبىدىكى خادىملارغا قارىتا ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدە نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، نىشانلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئۇزاق مۇددەتلىك نىشان ۋە قىسقا مۇددەتلىك نىشان دەپ ئايرىش لازىم. ئۇزاق مۇددەتلىك نىشان ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدىكى يەتمەكچى بولغان ئىقتىسادىي نىشان ياكى خىزمەت نىشانىنى كۆرسىتىدۇ. قىسقا مۇددەتلىك نىشان ئۇزاق مۇددەتلىك نىشاننىڭ ئايرىپ چۈشەندۈرۈلۈشى ۋە كونكرېتلاشتۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۇ، ھەر يىللىق ئورۇندىلىدىغان بىرقانچە تۈر نىشانىنى كۆرسىتىدۇ. خ ق دائىمىي كومىتېتى كادىرلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدىكى نىشانىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا تەكشۈرۈش، ئېنىقلاش، كۆزدىن كەچۈرۈش ياكى دوكلات ئاڭلاش، مەلۇمات ئېلىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ نازارەتچىلىكنى ئېلىپ بارسا بولىدۇ. نىشانىنى ياخشى ئورۇنلىغانلارنى تەشۋىق قىلىش ۋە تەقدىرلەش؛ ناچارلىرىغا تەنقىد ۋە تەربىيە بېرىش؛ ۋەزىپىسىنى ئېغىر دەرىجىدە ئادا قىلمىغان ۋە خىزمەتتە خاتالاشقانلارنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ياكى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاش كېرەك؛ 2. خىزمەت مەلۇماتىنى باھالاشنى قانات يايدۇرۇش. قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن كادىرلار ھەر يىلى خ ق دائىمىي كومىتېتىغا خىزمىتىدىن مەلۇمات بېرىش دوكلاتىنى سۇنۇشى كېرەك. خىزمەت مەلۇماتى بېرىلگەندىن كېيىن، خ ق دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدىن ئىلگىرىكى تەكشۈرۈشكە ئاساسەن، ئەستايىدىل باھالاش ئېلىپ بارسا ھەمدە دېموكراتىك سىناش ئۇسۇلىنى قانات يايدۇرسا بولىدۇ. خىزمەتتە مۇنەۋۋەر بولغانلارنى تەقدىرلەپ، لاياقەتسىز بولغانلارنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىش لازىم. ئېغىر مەسىلە سادىر قىلغانلارنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، قانۇن بويىچە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشتىكى قانۇنچىلىق نۇقتىئىنەزەرى ۋە خەلقنىڭ چاكىرى بولۇش ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتكىلى، بۇنىڭ بىلەن كادىرلارنىڭ مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە بېجىرىش، ئەدلىيىدە ئادىل بولۇشنى ئۈنۈملۈك ھالدا ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ؛ 3. كادىرلارنى نازارەت قىلىش تورىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. خەلق ئاممىسىنىڭ زىيارىتى ۋە خەت ـ چەكلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان كادىرلار مەسىلىلىرىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۆز ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش كېرەك. يەنە خ ق ۋەكىللىرى ياكى ئالاقىدار ئاممىنى كادىرلارنى نازارەت قىلىش خىزمەتچىلىكىنى ئۆتەشكە تەكلىپ قىلىشقا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىش، مۇپەتتىش قاتارلىق تارماقلار بىلەن قەرەللىك ھالدا بىرلەشمە يىغىنلارنى ئېچىپ، ئۆزئارا ئۇچۇر ئالماشتۇرۇپ، ئالاقىدار خادىملارنىڭ قانۇن، ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا، خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ نازارەتچىلىكىنىڭ كەڭ دائىرىلىكى ۋە سالمىقىنى ئاشۇرغىلى ۋە كۈچەيتكىلى بولىدۇ.

(**«لياۋنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى قۇرۇلۇشى»** ژۇرنىلىنىڭ **2000** ـ يىل **11** ـ سانىدىن **سىراجىدىن ئىسمايىل** تەرجىمىسى)

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى

# قانۇن چىقىرىش سانى، قىممىتى ۋە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قۇرۇلۇشى

گاۋ جېڭۋېن

پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىدا: «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش» ئىستراتېگىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، قانۇن بويىچە ئىش قىلىش جامائەت ئىنتىلىدىغان ۋە مودا بولۇۋاتقان يېڭى سۆزگە ئايلاندى. چۈنكى، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئۆلكىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شەھەرنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، ناھىيىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، پاسكىنىچىلىقنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قالايمىقانچىلىقنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا ئوخشاش كۆپلىگەن «قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش»لار مودا بولۇشقا باشلىدى. ھەرقايسى تارماق، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ قانۇن چىقىرىش ئاكتىپلىقىمۇ مىسلىسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئەمما، شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، نۆۋەتتە جۇڭگودا قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش كۆپىنچە قانۇنلارنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشى بولۇپ چۈشىنىپ قېلىنىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان دۆلەت قۇرۇش داۋامىدا بىز بىر جەھەتتىن، ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز، قانۇنلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىۋېلىشنىلا قوغلاشماسلىقىمىز، يەنە بىر جەھەتتىن قانۇن چىقىرىش تېخنىكىسى جەھەتتىكى نۇقسانلارنى يېڭىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، چىقارغان قانۇنلارنىڭ قىممىتىنى ئادىل تاللاشقا دىققەت قىلىشىمىز لازىم.

1. قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا قانۇنشۇناسلار ئوخشاش بولمىغان تەبىرلەرنى بەردى. لېكىن، يىغىنچاقلىغاندا، بۇ تەبىرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىجتىمائىي تەرتىپ ئاساسىدىكى قائىدە خاراكتېرلىك ھۆكۈمرانلىق ئوخشىمىغان تەرەپلەردىن تەكىتلەنگەن، يەنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ قائىدىلىك، تەرتىپلىك بولۇشى ئۈمىد قىلىنغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەلەپ قىلىنغان. شۇڭا، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشتا، ئەلۋەتتە قانۇن چىقىرىش ئالدىدا مېڭىشى كېرەك، چۈنكى ئالدى بىلەن ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇشى كېرەك. بىراق بىز قانۇنلارنىڭ سانى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ مۇكەممەللەشكەنلىكىگە ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك.

بازار ئىگىلىكى گەرچە قانۇن ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى، ئىجتىمائىي تەرتىپنى قېلىپلاشتۇرۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، بىراق ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بەزى ساھەلەردە قانۇن تۈزۈشنىڭ شارائىتى تېخى پىشىپ يېتىلمىدى ياكى قانۇن ۋاسىتىسى ئارقىلىق تەڭشەشنىڭ تۈپتىن زۆرۈرىيىتى يوق، بۇ خىل ئەھۋالدا قارىغۇلارچە قانۇن چىقىرىلمىسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، كەسىپلەرنىڭ ئىچكى قىسمىغا مەنسۇپ بولغان ھەرىكەت قائىدىلىرى، خەلق ئارىسىدىكى ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىقلارنى پۈتۈنلەي كەسىپ قائىدىسى ۋە كەنت قائىدىسى، خەلق ئەھدىنامىسى قاتارلىقلار ئارقىلىق تەڭشىگىلى بولىدۇ. بىز مۇنداق بىر نۇقتىئىنەزەرنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك، يەنى بىر جەمئىيەتتىكى ئادەت، ئەخلاق، قائىدە ـ يوسۇن، ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىر جەمئىيەتنىڭ تەرتىپى ۋە قانۇن بويىچە ئىدارە

قىلىش ئەھۋالىنىڭ تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئىستىخىيىلىك تەرتىپى بولمىسا، باشقا غەيرىي رەسمىي تۈزۈملەرنىڭ قوللىشى ۋە ماسلىشىشى بولمىسا، دۆلەتنىڭ رەسمىي تۈزۈملىرىنىڭ پۇختا بولغان ئاساسى كەمچىل بولۇپ قالىدۇ.

شۇڭا، قائىدىلىك، تەرتىپلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ھەرقانداق ۋاقىتتا پەقەت قانۇن چىقىرىش ئارقىلىقلا يېتىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ھەرقانداق قانۇن تۈزگۈچى ئورگان ۋە قانۇن بىلەن ئالاقىدار ئورگانلارنىڭ پائالىيىتى ئىنتايىن ئەپسىلىي ھەم ئادىل بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدا پەقەت ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئاساسلىق تەرەپلىرى توغرىسىدىلا بەلگىلىمە چىقىرىلىدۇ، قانۇن چىقىرىش شەكلى بىلەن كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى، ئىجتىمائىي ئايلىنىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بەلگىلەشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ھەممىسىگە قارىتا «قانۇن» بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويىمىز دېيىش پەقەت بىر خىل غايە بولۇپ، ئۇنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. چۈنكى قانۇننىڭ مۇكەممەل ھالەتكە يېتىشى مۇمكىن بولسىمۇ، شۇنداقلا قانۇن چىقارغۇچى يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەر بىر خىل ئەھۋالنى ئويلاشقان تەقدىردىمۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىگە كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس ياكى ئۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ. قانۇنلاردا شەخسلەر ئۆز ھەرىكىتىدە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر قىسىم شەرتلەر بەلگىلەنگەنلىكتىن، شۇنىڭدەك پەقەت بەزى شەرتلەرلا مەۋجۇت بولغانلىقتىن، ئالاھىدە ئەھۋاللاردىكى زور كۆپ ساندىكى پاكىتلارنىڭ قانداقلىقىغا قارالمايدۇ، بۇ قانۇنلارنى ئالاھىدە بولمىغان ھەرقانداق ئادەمگە تەتبىقلاشقا بولىدۇ. شۇڭا، قانۇن چىقارغۇچى بۇ قانۇنلارنىڭ ئالاھىدە ئادەملەرگە قارىتا قانداق تەسىر پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئالدىن كۆرەلمەيدۇ ھەم قائىدىنىڭ تەڭشىشىگە ئۇچرىغان ئادەملەرنىڭ ئۇلار تۈزگەن قائىدىلەرنى قانداق ۋە نېمە مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىدىغانلىقىنىمۇ ئالدىن بىلەلمەيدۇ. شۇڭا قانۇن چىقارغۇچىنىڭ مەقسىتى پەقەت بۇ قائىدىلەر ئارقىلىق مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەھۋالدا كىشىلەرنى يار-

دەمگە ئىگە قىلىشتىنلا ئىبارەت.

گەرچە قانۇن چىقىرىشتا دۆلەتنىڭ زورلۇق كۈچى ئارقا تېرەك قىلىنىسىمۇ، لېكىن ئۇ جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن ھەرقانداق بىر ئادەت خاراكتېرلىك تەرتىپنى ئۇزۇل-كېسىل يوقىتىۋېتەلمەيدۇ. پەقەت جەمئىيەت يەنىلا ئېھتىياجلىق بولسا، جەمئىيەتتە ئۇنىڭدىنمۇ ئۈنۈملۈك بولغان باشقا تۈزۈم ئۇنىڭ ئورنىنى ئالالمىسا، ئۇ يەنىلا رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەگەر جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن مەلۇم خىل ئادەت خاراكتېرلىك تەرتىپكە سەل قارالسا، يازما قانۇنلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. يازما قانۇنلارنىڭ جەمئىيەتكە كىرىپ، ھەقىقىي قائىدىگە ئايلىنىشى قىيىنغا چۈشىدۇ. قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەرتىپىنى ئورنىتىشتا، يالغۇز بىرقانچە قانۇن ماددىلىرىنى تۈزۈپ قويۇش ۋە بىرقانچە سوت كوللېگىيىلىرىنى تەسىس قىلىپ قويۇشقىلا تايىنىشقا بولمايدۇ. مۇھىمى يەنە خەلقنىڭ بۇلارنى قانداق ئىشلىتىشىگە قاراش كېرەك. ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە ئىدىيىۋى قاراش جەھەتتە يەنە بىر قېتىم ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئەگەر بۇ جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بارماي، يالغۇز قانۇنلارنىلا يېزىلارغا ئېلىپ كىرسەك، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئەدەپ ـ قائىدە ئارقىلىق ئىدارە قىلىش تەرتىپىگە زىيان يەتكۈزۈشتەك ئىللەتتىن خالىي بولالمايمىز.

قىسقىسى، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان دۆلەت قۇرۇش جەريانىدا نوقۇل ھالدا قانۇن چىقىرىش سانىنىڭ كۆپىيىشىنىلا كۆزلەشكە بولمايدۇ، چۈنكى قانۇن چىقىرىش سانىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بېرىۋاتقان قانۇن، نىزاملارنى بىلىشكە ئامالسىز قالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا قانۇن باشلامچىلىق، كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىيالمايدۇ. بۇ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش غايىسىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا پايدىسىز.

2. «كىشىلەرنىڭ كۆرمىش قىلىش ئارقىلىق كۆزلەي-

دىغىنىنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ مەنپەئىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.» دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان مەنپەئەتنىڭ كۆپ مەنبەلىششى بۇگۇنكى جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتى داۋامىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان پاكىتقا ئايلاندى. رېئال تۇرمۇشتا، مەركەز بىلەن يەرلىك، تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن تەرەققىي قىلمىغان رايونلار، كوللېكتىپ بىلەن شەخس، شەخسلەر بىلەن دۆلەت، كوللېكتىپ بىلەن دۆلەت، كەلگۈسى مەنپەئەت بىلەن كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت، ئومۇمىي مەنپەئەت بىلەن قىسمەن مەنپەئەت قاتارلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرمۇ كۈندىن كۈنگە روشەنلەشتى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى قانداق قىلىپ توغرا، ياخشى بىر تەرەپ قىلىش شەك ـ شۈبھىسىز ھالدا قانۇن ئىدارە قىلىدىغان دۆلەت قۇرۇشقا بىۋاستە تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى قانۇن چىقىرىش ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولىدۇ. لېكىن بىز ئىلمىي بولغان قانۇن چىقىرىش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىشقا پىششىق بولمىغانلىقتىن، دۆلىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى كۆپلىگەن قانۇن، نىزاملىرىدا قانۇن چىقىرىش تېخنىكىسى جەھەتتە نۇقسانلار ساقلىنىۋاتىدۇ. قانۇن قائىدىسىدە قوللىنىلغان ئىبارىلەرنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، قانۇن قائىدىسى كىشىلەر رىئايە قىلىدىغان ھەرىكەت مىزانلىرى بولغانلىقتىن، ئىنتايىن زور نوپۇز ۋە قەتئىيلىككە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، قانۇننىڭ سۆز ـ ئىبارىلىرى توغرا بولۇش، يىغىنچاق بولۇش، كەسكىن بولۇش، قېلىپلاشقان بولۇش، پۇختا بولۇش ۋە جەزملەشتۈرۈلگەن بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، لېكىن دۆلىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى بەزى قانۇنلىرىدا، بولۇپمۇ بەزى يەرلىك نىزام ۋە قائىدىلەردە ئىبارىلەر ھەم پۇختا تاللانمىغان ھەم قېلىپلاشمىغان بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتە تەشۋىقات خاراكتېرلىك ياكى ئىستىلىستىكا خاراكتېرلىك ئىبارىلەر خېلى كۆپ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نۆۋەتتە يولغا قويۇلۇۋاتقان نۇرغۇن يەرلىك نىزاملاردا كۆپىنچە «سىناق تەرىقىسىدە»، «ۋاقىتلىق» قاتارلىق سۆزلەر ئىشلىتىلىپ، كىشىلەردە يەرلىك نىزام چىقىرىش خىزمەتىنىڭ مۇقىملىقىغا قارىتا گۇمان تۇغدۇرۇپ، قانۇننىڭ نوپۇزىغا زىيان يەتكۈزۈپ، قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇشىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. قانۇننىڭ نامى جەھەتتە، چىقىرىلغان قانۇننىڭ نامى ئۇنىڭ كۈچىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەسلىك ئەھۋالى ساقلىنىۋاتىدۇ، كۆپىنچە نامى بىلەن قانۇنىي كۈچى ئوخشاش بولماسلىق، ياكى قانۇنىي كۈچى بىلەن نامى ئوخشاش بولماسلىق ئەھۋاللىرى ساقلىنىۋاتىدۇ. يەرلىك نىزاملارنىڭ نامىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا يەرلىك نىزامنىڭ نامى توغرىسىدا كونكرېت ھەم ئېنىق بەلگىلىمە بولمىغانلىقتىن، يەرلىك نىزاملارنىڭ نامىنىڭ خىلمۇ خىل بولۇشىغا سەۋەب بولۇۋاتىدۇ. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، يەرلىك نىزاملارنىڭ نىزام، ئومۇمىي قائىدە، قىسقىچە قائىدە، قائىدە، بەلگىلىمە، لايىھە، بېكىتمە، ئۇقتۇرۇش، چارە، پىكىر ۋە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قاتارلىق 13 خىل ئاتاش ئۇسۇلى بار ئىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى قانۇن چىقىرىش تېخنىكىسىغا دائىر مەسىلە بولۇپ، قانۇن چىقىرىش تېخنىكىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ، بۇ خىل ھالەت قانۇنلارنىڭ نوپۇزىنى تىكلەشكە، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان دۆلەت قۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پايدىسىز.

قىممەت قانۇننىڭ جېنى ۋە روھى. ئۇ قانۇنغا سىڭگەن بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قانۇننىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمى ئارقىلىق نامايەن بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدىنقى شەرتى «ياخشى قانۇن»نىڭ بولۇشىغا موھتاج. نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى «قانۇن»نىڭ ئىچكى قىسمى ماسلاشقان بولۇشى، قۇرۇلمىسى پۇختا بولۇشى، قاتلاملىرى ئېنىق ئايرىلىشى، قېلىپلاشقان بولۇشى كېرەك، لېكىن قانۇن يېزىلىدىغان ئوبيېكتنىڭ كەڭلىكى ۋە مۇرەككەپلىكى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ بىلىش ئىقتىدارىنىڭ چەكلىك بولۇشى تۈپەيلىدىن، قانۇن چىقىرىش داۋامىدا زىددىيەت ـ توقۇنۇش پەيدا بولۇشىدىن؛ بەلگىلىمە چىقىرىشقا تېگىشلىكلىرى توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقىرىلماي قېلىپ، بەلگىلىمە چىقىرىشقا تېگىشلىك بولمىغانلىرى توغرىسىدا

بەلگىلىمە چىقىرىپ قويۇشتىن ياكى بەلگىلىمىلەر لايىقىدا بولماي قېلىشتىن ساقلىنىش قىيىن. نۆۋەتتە بەزى مەمۇرىي ئورگانلار «مەلۇم باشقۇرۇش چارىسى»نى تۈزۈش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزى ئۈچۈن خىلمۇ خىل «باشقۇرۇش ھوقۇقى» تەسىس قىلىپ، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئەسلى مەقسىتىدىن چەتنەپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا، قانۇن ئىدارە قىلىدىغان دۆلەت قۇرۇش داۋامىدا ماقالەمنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا كۆرسىتىلگەن زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىپ، قانۇننىڭ قىممىتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، قانۇن چىقىرىش قىممىتىنى ئادىل تاللاشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

قانۇن چىقىرىش ئوخشاش بولمىغان مەنپەئەت مۇناسىۋىتى داۋامىدا تەڭپۇڭلۇقنى قانداق ساقلىشى كېرەك ھەمدە قايسى خىل تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىشى كېرەك؟ مېنىڭچە، بىرىنچىدىن، قانۇن چىقىرىش جەريانىنى ئاشكارىلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاممىنىڭ قانۇن چىقىرىشقا قاتنىشىشى ۋە ئۇنى نازارەت قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ قانۇن چىقىرىش ئورگىنىدا نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ۋاقتىدا، تولۇق بىلدۈرۈش، قانۇن چىقىرىش ئورگىنى بىلەن ئاممىنىڭ ئالاقىسىنى ۋە مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش، جامائەت پىكرىنىڭ قانۇن چىقىرىشنىڭ جەريانىغا ئارىلىشىشىنى تەكىتلەش لازىم. ئىككىنچىدىن، ئىلمىي تەرتىپ قانۇنى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىپ، قانۇن چىقىرىش تەرتىپىنىڭ ئادىل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، قانۇن لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، مۇزاكىرە قىلىش، ئاۋاز بېرىش ۋە ئېلان قىلىش قاتارلىق ھالقىلارنىڭ ئالدىن بېكىتىلگەن تەرتىپ بىلەن تاماملىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم. بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرىدە تەڭپۇڭلۇقنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولۇشى مۇمكىن، لېكىن قايسى خىل تەڭپۇڭلۇقنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى يەنە قانۇن چىقىرىش ئارقىلىق مەنپەئەتنىڭ تەقسىملىنىشىگە قارىتا قىممەت تاللىشى ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. ئوخشاش بولمىغان مەنپەئەت بەلگىلىك زىددىيەتلىك ھالەتتە تۇرۇۋاتقاندا، قانۇن چىقارغۇچى مەنپەئەت تەقسىماتى چېتىلىدىغان ھەرقايسى تەرەپلەرنى تەڭ نەزەرگە ئېلىشى لازىم. «ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى ئۆزلىرى ئۈچۈن نەپ ئېلىپ كېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنى بەدەل تۆلەتكۈزىدۇ». لېكىن قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ نوپۇزى ھازىرقى زامان دېموكراتىك جەمئىيەتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇقىملىقىنى قوغداشنىڭ مۇھىم ئاساسى. قانۇن چىقىرىشتا جەمئىيەتنىڭ ئاساسىنى تەۋرىتىشنى بەدەل قىلىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن، بەزى جايلار ئېنىق ھوقۇق بېرىلمىگەن ئەھۋالدا نىزام چىقىرىۋالغان، گەرچە بۇ نىزامنىڭ مەزمۇنى ۋە نەتىجىسىدە ھېچقانداق مەسىلە بولمىسىمۇ، لېكىن ماھىيەتتە بۇ «دۆلەت ئورگانلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئومۇمەن قانۇندا رۇخسەت قىلىنمىغانلىرىنىڭ ھەممىسى مەنئى قىلىنغانلىرىدۇر» دېگەندىن ئىبارەت قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش پرىنسىپىغا خىلاپ، ئەگەر بۇنداق قىلمىشلارنىڭ يۈز بېرىشى مەيلىگە قويۇۋېتىلسە، ئەلۋەتتە قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ نوپۇزىغا زىيان يەتكۈزىدۇ. قانۇن چىقىرىشتا پۈتكۈل پۇقرالارنىڭ ياكى مۇتلەق كۆپ سانلىكى پۇقرالارنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەككى، ئۇ ھەرگىزمۇ شەخسلەر ياكى ئاز سانلىكى كىشىلەرنىڭ ئارزۇسى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. «قانۇن پەقەت بىر ياكى ئاز سانلىكى كىشىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ زور كۆپ سانلىكى كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزگەن چاغدا ئادىل بولمىغان بولىدۇ». شۇڭا، قانۇن چىقارغان ۋاقىتتا بۇ خىل ئادىل بولمىغان قىممەت تاللىشىنى ئېلىپ بارماسلىق كېرەك.

(**«مەمۇرىيەت ۋە قانۇن»** ژۇرنىلىنىڭ **2000** ـ يىلى 5 ـ سانىدىن **تۇردى ئىسمائىل** تەرجىمىسى)

مەسئۇل مۇھەررىر: ئۇرگۈل كېرەم

# دەۋا ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىشى

ئەركىن روزى

دەۋا دېگىنىمىز، دۆلەتنىڭ ئەدلىيە ئورگانلىرى دېلودىكى دەۋاگەرلەر ۋە باشقا دەۋاغا قاتناشقۇچىلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن، پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىپ، جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ ۋە مەمۇرىي دېلولارنى بېجىرىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بارلىق پائالىيەتنى كۆرسىتىدۇ.

دەۋا دۆلەتنىڭ ئەدلىيە پائالىيىتى بولغاچقا، ھەرقانداق دەۋانى دۆلەتنىڭ مەخسۇس قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلىرى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ. دەۋالاشقۇچىلار ئۆز ئالدىغا قانۇنسىز ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، دەۋانى بىر تەرەپ قىلسا بولمايدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر شەھەردە ئۈچ كىشى بىر ئايەلنىڭ قاقتى ـ سوقتى قىلىشىغا ئۇچراپ 5000 يۈەن پۇلىدىن ئايرىلىپ قالغان. كېيىن ئۇلار جىنايەت گۇماندارىنى تاپقان بولسىمۇ ئەدلىيە ئورگانلىرىغا قانۇن بويىچە دەۋا قىلماي، ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئاختۇرغان ھەمدە ئۇنى قاتتىق ئۇرۇپ، ئايرىم بىر ئۆيگە قاماپ قويغان. نەتىجىدە بۇ ئۈچ كىشى قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، قانۇنسىز ئاختۇرۇش جىنايىتى ۋە قانۇنسىز قاماش جىنايىتى بىلەن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. شۇڭا، پۇقرالار ئۆزلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتى دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىغان ھامان قانۇن بويىچە مەخسۇس قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانغا قانۇن بويىچە دەۋا قىلىشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلماسلىقى لازىم. پۇقرالار ئۆزلىرىنىڭ دەۋا ھوقۇقىنى ئەدلىيە ئورگانلىرى ئارقىلىق يۈرگۈزۈشى كېرەك.

دەۋا قانداق شەكىللىنىدۇ؟ دەۋا چوقۇم «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى» ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي دەۋا قانۇنى»دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن بولغاندىلا ئاندىن جىنايى ئىشلار، ھەق تەلەپ ۋە مەمۇرىي دەۋا تەرتىپىنىڭ باشلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دەۋا بىر تەرەپتىن، دېلونىڭ يۈز بېرىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ھەق تەلەپ دېلولىرى، مەمۇرىي دېلولار ۋە قانۇندا «ئەرز قىلغاندىلا سورىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن يېنىك جىنايى ئىشلار دېلولىرىدا چوقۇم دەۋاگەرنىڭ ئەرز قىلىشى ئالدىنقى شەرت قىلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، دەۋا دۆلەتنىڭ مەخسۇس قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلىرى دېلو تۇرغۇزۇپ قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. جىنايى ئىشلاردىكى ئۆزى بىۋاسىتە ئەرز قىلغان دېلولاردا، ئەڭ مۇھىمى جاۋابكارنىڭ قىلمىشىدىن جىنايەت شەكىللەنگەن ـ شەكىللەنمىگەنلىكىگە قاراش كېرەك. ئەگەر جاۋابكارنىڭ قىلمىشى پارتىيە ئىنتىزامىغا ۋە باشقا قائىدە تۈزۈملەرگە خىلاپ قىلمىش بولسا ياكى يېنىك دەرىجىدىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىش بولسا دەۋاگەرنىڭ خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ھەق تەلەپ دېلولىرىدا، ئەرز قىلىش ھەق تەلەپ قانۇنىنىڭ 108 ـ ماددىسىدا بەلگىلەنگەن 4 شەرتكە ئۇيغۇن بولۇشىنى، يەنى ① دەۋاگەر شۇ دېلو بىلەن بىۋاسىتە مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بولغان پۇقرا، قانۇنىي ئىگە ياكى باشقا تەشكىلات بولۇشى شەرت؛ ② جاۋابكار ئېنىق

32

بولۇشى شەرت؛ ③ دەۋا تەلىپى، پاكىتلىرى ۋە سەۋەبلىرى كونكرېت بولۇشى شەرت؛ ④ خەلق سوت مەھكىمىسى قوبۇل قىلىدىغان ھەق تەلەپ دەۋاسى دائىرىسىدە ۋە دەۋانى قوبۇل قىلغان خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولۇشى شەرت. ئەگەر بۇ تۆت شەرت ھازىرلانمىسا، دەۋاگەر خەلق سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلغان تەقدىردىمۇ دېلو قوبۇل قىلىنمايدۇ.

دەۋا قىلىش مەسىلىسىدە، ئەرزنى قانداق يېزىشنى ئويلىشىش كېرەك. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، دەۋا قىلىشتا ئەرزنى ياخشى يېزىش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، دېلونىڭ پاكىتىنى ئېنىق، چۈشىنىشلىك قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەرزنى كۆرگۈچىنى ئەھۋالدىن تولۇق خەۋەرلەندۈرۈش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، دەلىل ـ ئىسپاتلارنى تولۇق يېزىپ، دەلىل ـ ئىسپاتلارنىڭ قىممىتىنى ھەر تەرەپلىمە شەرھلەش ئارقىلىق، ئەرزدىكى دېلو پاكىتىنىڭ چىنلىقىنى ۋە ئىشەنچلىكلىكىنى ئىسپاتلاش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، قانۇن ماددىلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، پاكىتلارنى، سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتىنى قانۇن بويىچە دەلىللەش ئارقىلىق مۇھىم نۇقتىلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەرز سەۋەبىنىڭ ھەقىقىي توغرىلىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، سوت مەھكىمىسى ئەرزنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى قوبۇل قىلىش ۋە دېلو تۇرغۇزۇش كېرەكلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، دەۋا ھۆججەتلىرىنى ياخشى يېزىش ياكى يازالماسلىق دەۋادىكى ئىنتايىن مۇھىم ھالقا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دەۋا شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قايسى خىلدىكى دەۋاغا كىرىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. دەۋا جىنايى ئىشلار دەۋاسى، ھەق تەلەپ دەۋاسى ۋە مەمۇرىي دەۋادىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ. دۆلەتنىڭ مەخسۇس قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلىرىنىڭ جىنايى ئىشلار دېلوسىدىكى دەۋاگەرلەر ۋە باشقا ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ قاتنىشىشى بىلەن، جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى قانۇن بويىچە بېجىرىش ھەرىكىتى جىنايى ئىشلار دەۋاسى دەپ ئاتىلىدۇ.

خەلق سوت مەھكىمىلىرى دەۋاگەرلەرنىڭ ھەق تەلەپ ھوقۇق ـ مەجبۇرىيىتىگە چېتىلىدىغان تالاش ـ تارتىشلار ياكى باشقا ھەق تەلەپ ماجىرالىرىغا دائىر ئەرزلەرنى قوبۇل قىلىپ، دەۋاگەرلەر ۋە باشقا ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ قاتنىشىشى بىلەن، بۇ خىل دېلولارنى قانۇن بويىچە بېجىرىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەرىكەت ھەق تەلەپ دەۋاسى دەپ ئاتىلىدۇ.

مەمۇرىي دەۋا دېگەندە، خەلق سوت مەھكىمىسى پۇقرالار، قانۇنىي ئىگىلەر ياكى باشقا تەشكىلاتلارنىڭ مەمۇرىي ئورگانلار ۋە مەمۇرىي ئورگانلاردىكى خادىملارنىڭ كونكرېت مەمۇرىي ھەرىكىتى قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىمىزگە دەخلى ـ تەرۇز قىلدى، دەپ قىلغان ئەرزنى قوبۇل قىلىپ، دەۋالاشقۇچىلار ۋە باشقا دەۋاغا قاتناشقۇچىلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن بۇ خىل دېلولارنى بېجىرىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەرىكەت مەمۇرىي دەۋا دەپ ئاتىلىدۇ.

پۇقرالار دەۋا، دەۋانىڭ شەكىللىنىشى، دەۋانىڭ تۈرلىرى ھەمدە ئەرز يېزىش ماھارەتلىرىنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزلىرى قىلماقچى بولغان دەۋانىڭ خاراكتېرىنى، قايسى خىلدىكى دەۋا ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئۆزلىرىنىڭ دەۋا تەلىپىنى توغرا، ئېنىق ئوتتۇرىغا قويالايدۇ.

**(ئاپتور ئاپتونوم رايونلۇق خ ق دائىمىي كومىتېتى ئىچكى ئىشلار ـ ئەدلىيە كومىتېتىدىن)**

**مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم**

# جىنايى ئىشلارغا دائىر دۆلەت تۆلىمىدە ئىگىلەشكە تېگىشلىك بىرنەچچە مەسىلە توغرىسىدا

ئابدۇخېلىل مىراشىم

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت تۆلەم قانۇنى» (تۆۋەندە دۆلەت تۆلەم قانۇنى دېيىلىدۇ) ۋە ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، ج خ مىنىستىرلىكى (تۆۋەندە ئىككى ئالىي، بىر مىنىستىرلىك دېيىلىدۇ)نىڭ «دۆلەت تۆلەم قانۇنى»نى ئىزچىللاشتۇرۇشقا دائىر قانۇنىي ھۆججەتلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، جىنايى ئىشلارغا دائىر تۆلەم—خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، ج خ ئورگىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاقىدار خادىملىرى جىنايى ئىشلار دەۋاسى جەريانىدا خاتا ھالدا تۇتقۇن قىلىش، خاتا ھالدا ھۆكۈم چىقىرىش سەۋەبىدىن تۈرمىگە قاماپ قويۇپ، پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزگەنلىكتىن، ئالاقىدار پۇقرالارنىڭ دۆلەتتىن تۆلەم تەلەپ قىلىش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ خىلدىكى تۆلەمدە، ناھەق، خاتا بېجىرىلگەن دېلولاردىكى ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىشنىڭ سۇبيېكتى — خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، ج خ ئورگىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاقىدار خادىملىرى بولىدۇ. باشقا ھەرقانداق ئورگان، تەشكىلات، ئىدارە ۋە پۇقرالار ناھەق، خاتا بېجىرىلگەن دېلولاردىكى ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىشنىڭ سۇبيېكتى بولالمايدۇ.

« دۆلەت تۆلەم قانۇنى » ۋە باشقا ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلانغاندا، جىنايى ئىشلارغا دائىر ناھەق، خاتا بېجىرىلگەن دېلودىكى تۆلەم سۇبيېكتىنى باشقىچە ئېيتقاندا، دۆلەت دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. چۈنكى، ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش قىلمىشى مەيلى خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، ج خ ئورگىنىدا بولسۇن ياكى بۇ ئورگانلاردىكى ئالاقىدار خادىملاردا بولسۇن، ئۇلار ئۆزلىرىگە ۋاكالىتەن ئەمەس، بەلكى دۆلەتكە ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىش داۋامىدا سادىر بولىدۇ. شۇڭا، ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاقىدار خادىملىرى جىنايى ئىشلارغا دائىر تۆلەم دېلولىرىنى بېجىرگەندە، «پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ يۈكسەك ئابرويىنى چىقىش قىلغان ھالدا تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى پۇختا ئىگىلىشى لازىم:

**بىرىنچى، ناھەق، خاتا بېجىرىلگەن دېلولار سەۋەبىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ دۆلەتتىن تۆلەم بېرىشنى ئىلتىماس قىلىش ھوقۇقىنىڭ دائىرىسىنى ئىگىلەش لازىم**

1. ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاقىدار خادىملىرى تەرىپىدىن كىشىلىك ھوقۇقى، جىسمانىي ئەركىنلىكى قانۇنسىز دەخلى ـ تەرۇز قىلىنغان كىشىلەرنىڭ ئۇچرىغان زىيانكەشلىكى «دۆلەت تۆلەم قانۇنى»نىڭ 15 ـ ماددىسى، 3 ـ ماددىسىنىڭ (3)، (4)، (5) تارمىقى، 24 ـ ماددىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ نىزاملاردا كۆر-

ستىلگەن قىلمىشنىڭ قايسى بىرىگە ماس كەلسە، شۇ كىشىلەر «دۆلەت تۆلەم قانۇنى»نىڭ 6 ـ ، 20 ـ ، 21 ـ ، 22 ـ ماددىسى ۋە ئىككى ئالىي، بىر مىنىستىرلىكنىڭ «دۆلەت تۆلەم قانۇنى»نى ئىزچىللاشتۇرۇشقا دائىر قانۇنىي ھۆججەتلەردىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، مەسئۇلىيىتى بار ئەدلىيە ئورگانلىرى ئارقىلىق دۆلەتتىن تۆلەم تۆلەپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

2. ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاقىدار خادىملىرى تەرىپىدىن مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى قانۇنسىز دەخلى ـ تەرۇز قىلىنغان كىشىلەرنىڭ ئۇچرىغان زىيانكەشلىكى «دۆلەت تۆلەم قانۇنى»نىڭ 16 ـ ماددىسى، 3 ـ ماددىسىنىڭ (1)، (2) تارمىقى، 24 ـ ماددىسىدا ۋە ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملاردا كۆرسىتىلگەن قىلمىشنىڭ قايسى بىرىگە ماس كەلسە، شۇ كىشىلەر «دۆلەت تۆلەم قانۇنى»نىڭ 6 ـ ، 20 ـ ، 21 ـ ، 22 ـ ماددىلىرى ۋە ئىككى ئالىي، بىر مىنىستىرلىكنىڭ «دۆلەت تۆلەم قانۇنى»نى ئىزچىللاشتۇرۇشقا دائىر قانۇنىي ھۆججەتلەردىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، مەسئۇلىيىتى بار ئەدلىيە ئورگانلىرى ئارقىلىق دۆلەتتىن تۆلەم تۆلەپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

3. ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاقىدار خادىملىرى تەرىپىدىن قانۇنسىز زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى، جىسمانىي ئەركىنلىكى ۋە مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقى ھەققىدە مەسئۇلىيىتى بار ئەدلىيە ئورگانلىرى ئارقىلىق دۆلەتتىن تۆلەم تۆلەپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغاندىن سىرت، روھىي جەھەتتىن زەخىملىنىش ۋە پۇرسەتنى زىيانغا ئۇچرىغانلىقى ھەققىدە مەسئۇلىيىتى بار ئەدلىيە ئورگانلىرى ئارقىلىق دۆلەتتىن تۆلەم تۆلەپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىلتىماس قىلىش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى چەتكە قاقماسلىق لازىم.

## ئىككىنچى، جىنايى ئىشلارغا دائىر دۆلەت تۆلىمىنىڭ دائىرىسىنى ئىگىلىۋېلىش لازىم

1. ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاقىدار خادىملىرى تەرىپىدىن كىشىلىك ھوقۇقى، جىسمانىي ئەركىنلىكى قانۇنسىز دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىغان كىشىلەرگە «دۆلەت تۆلەم قانۇنى»نىڭ 3 ـ ماددا (3)، (4)، (5) تارماق، 15 ـ ، 24 ـ ، 26 ـ ، 27 ـ ، 32 ـ ماددىسىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ۋە ئىككى ئالىي، بىر مىنىستىرلىكنىڭ «دۆلەت تۆلەم قانۇنى»نى ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئائىت قانۇنىي ھۆججەتلەردىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ھەمدە گوۋۇيۈەننىڭ «دۆلەت تۆلەم خىراجىتىنى باشقۇرۇش چارىسى»دىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، دۆلەت مەسئۇلىيىتى بار ئەدلىيە ئورگانلىرى ئارقىلىق تۆلەم بېرىدۇ. لېكىن «دۆلەت تۆلەم قانۇنى»نىڭ 17 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنىڭ بىرى كۆرۈلگەن ئەھۋالدا ياكى «دۆلەت تۆلەم قانۇنى»نىڭ 17 ـ ماددىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنىڭ بىرى كۆرۈلگەن ئەھۋالدا دۆلەت تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ.

2. ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالاقىدار خادىملىرى تەرىپىدىن مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى قانۇنسىز دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىغان كىشىلەرگە «دۆلەت تۆلەم قانۇنى»نىڭ 16 ـ ، 24 ـ ، 25 ـ ، 31 ـ ، 32 ـ ماددىسى، 28 ـ ماددىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارمىقى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ «دۆلەت تۆلەم خىراجىتىنى باشقۇرۇش چارىسى» ھەمدە ئىككى ئالىي، بىر مىنىستىرلىكنىڭ «دۆلەت تۆلەم قانۇنى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، دۆلەت مەسئۇلىيىتى بار ئەدلىيە ئورگانلىرى ئارقىلىق تۆلەم بېرىدۇ، قانۇن ۋە ئالاقىدار نىزاملاردا بەلگىلەنگەنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

3. ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاقىدار خادىم-

لىرى تەرىپىدىن كىشىلىك ھوقۇقى، جىسمانىي ئەركىنلىكى قانۇنسىز دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىغان كىشىلەر تەنىنىي ھالدا روھىي جەھەتتىن زەخىملىنىش، پۇرسەتتىن زىيانغا ئۇچراش قاتارلىق زىيانلارغا ئۇچرايدۇ.


روھىي جەھەتتىن زەخىملىنىش دېگەندە، ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاقىدار خادىملىرى تەرىپىدىن «دۆلەت تۆلەم قانۇنى»نىڭ 3 ـ ، 15 ـ ماددىلىرىدا بەلگىلەنگەن ئەھۋالنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنى سادىر قىلىش تۈپەيلىدىن زىيانغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ سەزگۈرلۈكى، تەپەككۇر پائالىيىتى ۋە روھىي ھالىتىنىڭ تەسىرگە ئۇچرىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

كىشىلىك ھوقۇق ۋە جىسمانىي ئەركىنلىك جەھەتلەردىن ئازابقا ئۇچراپ، نام ـ ئابرويى، قەدىر ـ قىممىتىنى يوقاتقان بۇ خىل ئەھۋال ئالاقىدار كىشىلەرگە نىسبەتەن روھىي زەربە پەيدا قىلىدۇ. بۇ تۈردىكى زىيانغا قارىتا تۆلەم مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاقىدار خادىملىرى «دۆلەت تۆلەم قانۇنى» نىڭ 3 ـ ماددا (1)، (2) تارمىقى، 15 ـ ماددا (1)، (2)، (3) تارمىقىدا بەلگىلەنگەن ئەھۋالنىڭ بىرىنى سادىر قىلغان بولسا ھەمدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ نام ـ شۆھرەت ھوقۇقىغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزگەن بولسا، ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ھەرىكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تەسىر دائىرىسى ئىچىدە زىيانغا ئۇچرىغۇچىنىڭ نام ـ ئابرويى، قەدىر ـ قىممىتىنى سىياسىي ۋە قانۇنىي جەھەتتىن پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك. ھەرگىزمۇ روھىي جەھەتتىكى زىياننى ئىقتىسادىي تۆلەم ئارقىلىق تولۇقلاش تەرىپىدە تۇرماسلىق لازىم.

پۇرسەتتىن زىيانغا ئۇچراش دېگەندە، ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاقىدار خادىملىرى تەرىپىدىن «دۆلەت تۆلەم قانۇنى»نىڭ ئالاقىدار ماددىلىرىدا بەلگىلەنگەن ئەھۋالنىڭ بىرەرسىنى سادىر قىلىش تۈپەيلىدىن زىيانغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ نورمال ئۆسۈش، كادىرلىققا ئۆستۈرۈلۈش، بىلىم ئېلىش، يۆتكىلىش، توي قىلىش قاتارلىق پۇرسەتلەردىن مەھرۇم بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ خىلدىكى زىيان ئالاقىدار كىشىلەرگە كىشىلىك ھوقۇقى، مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى ۋە روھىي جەھەتتىن زەخىملىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە زىيان كەلتۈرۈشى مۇمكىن. «دۆلەت تۆلەم قانۇنى» ۋە ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا دائىر ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسلانغاندا، پۇرسەتتىن زىيانغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ تارتقان زىيىنىغا قارىتا دۆلەتنىڭ تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى ھازىرچە مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، بۇ خىلدىكى كىشىلەرگە قارىتا سىياسىي ۋە قانۇنىي جەھەتتىن قايىل قىلارلىق تەربىيە بېرىش لازىم.

**(ئاپتور خوتەن ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىدىن)**

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم



# «قۇتادغۇبىلىك» ۋە قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش ئىدىيىسى


مىرزەخمەت غوجەخمەت، تاھىرجان ئۆمەر

«قۇتادغۇبىلىك» (بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم) ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ يازغان چوڭ ھەجىملىك داستان. بۇ داستان قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئىجادىيەتلىرىدىن بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىردىنبىر ئەسەر. ئۇ 11 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىسى بولۇپلا قالماستىن، سىياسىئون، پەيلاسوپ، باشقۇرغۇچىلار ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرى بولۇش بىلەن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت غەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەرلەرنىڭ بىرى ۋە خەلقىمىزنىڭ ئىپتىخارى. ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن بىلىم كۆز قارىشى، قانۇن، ئەخلاق قارىشى، ھەربىي ئىشلار قارىشى، ئاممىۋى مۇناسىۋەت قارىشى ۋە ئادەم بايلىقىنى باشقۇرۇش ئىدىيىسى ئۆز زامانىسىدىن ۋە شۇ دائىرىدىن ھالقىپ ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقىغا ئايلاندى. بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى كەسپىي تارماقلارنىڭ، كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇش خىزمىتىدە ياخشى بىر پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولالايدۇ. باشقۇرۇش ئىدىيىسى تەتقىقاتى 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئامېرىكىلىق تەيلورنىڭ «ئىلمىي باشقۇرۇش قائىدىسى» دېگەن كىتابى دۇنياغا كېلىپ، تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەمەلىي تەجرىبىگە ئاساسەن باشقۇرۇشقا خاتىمە بېرىلگەندىن كېيىنكى تارىخنى ئاساس قىلغان، لېكىن باشقۇرۇش ئىدىيىسىنىڭ ئۇزۇن تارىخنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلسەك، قەدىمكى بابىلون دۆلىتى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2123 ـ 2081 ـ يىللىرى)نىڭ «ھاممورابى قانۇنى»، جۇڭگونىڭ «سۇنزى ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6 ـ ئەسىر)، مىسىرنىڭ پىرامىدالارنى ياساشتا ۋە نىل دەرياسى ئېقىمىنى تۈزەشتە قوللانغان چارە ـ تەدبىرلىرى، گىرېتسىيىلىك ئارىستوتېلنىڭ «سىياسىي ئىلمى» دېگەن ئەسىرى، رىملىقلارنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش ئىشلىرى، رىم پاپىلىرىنىڭ ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش ۋە تارقاقلاشتۇرۇشتىكى زىددىيەتلىرىدىن باشقۇرۇش ئىدىيىسىنىڭ ئىزلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىردە دۇنياغا كەلگەن بۈيۈك ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك»دىكى باشقۇرۇش ئىدىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ. تۆۋەندە «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ باشقۇرۇش ئىدىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرقانچە خىل كۆز قاراشلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 1. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمە ئىدىيىسى

ھەرقانداق كارخانا ياكى ئىجتىمائىي تەشكىلاتنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسىنىڭ مۇۋاپىق بولۇش ـ بولماسلىقى شۇ تەشكىلىنىڭ نىشانىنى ئۈنۈملۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر تەشكىلىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولمىسا، تەشكىل ئىچىدە ئىش تەقسىماتى بىلەن مەسئۇلىيەت ئېنىق بولماسلىق، يۇقىرى ـ تۆۋەن، ئوڭ ـ سول تەرەپ ياخشى ماسلاشالماسلىق سەۋەبىدىن، ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتا توسالغۇ كۆپ بولۇش، ئىش بېجىرىشتە رەسمىيەت كۆپ بولۇش، ئۇچۇر راۋان بولماسلىق، ھوقۇق بىلەن مەسئۇلىيەت ئايرىلماسلىق، كۆپ تەرەپتىن رەھبەرلىك قىلىشتەك نۇقسانلاردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. ئەنئەنىۋى باشقۇرۇشتا بۇ خىل زىددىيەتلەرنى ھەل قى-

لىشقا تەيلور «ئىلمىي باشقۇرۇش قائىدىسى» دېگەن كىتابىدا فۇنكسىيىلىك ئىش تەقسىماتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەخسۇس كەسپلەر بويىچە ئىنچىكە ئىش تەقسىماتى قىلىش كېرەكلىكى ئۈستىدە توختالغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»دە يۇقىرى رەھبەرلىك ئورنىدىكى بەگ، ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئورۇندىكى باشقۇرغۇچىلاردىن ۋەزىر، ئەسكەر باشلامچىسى، ھاجىپ، پۈتۈكچى، ئەلچى، غەزىنە باشقۇرغۇچى، ئىشىك باقار، باش ئاشپەزلەرنىڭ ئۆزىگە خاس خىزمىتى، مەسئۇلىيىتى، ھوقۇقى، يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك مۇناسىۋىتى، ئۆزئارا بېقىنىش ـ ماسلىشىش مۇناسىۋەتلىرىنى شېئىرىي مىسرالار ئارقىلىق ئۇستىلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ خىل تەشكىلىي مۇناسىۋەتنى تۆۋەندىكى تەشكىلىي قۇرۇلما سخېمىسى ئارقىلىق ئىپادىلەشكە بولىدۇ.




بۇ خىل تەشكىلىي قۇرۇلمىنى تۆۋەندىكى مىسرالار ئارقىلىق تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ۋەزىر توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەر بايان قىلىنغان:

2183. ۋەزىردۇر بۇ بەگلەر يۈكۈن يۈدكۈچى،
خانلىقنىڭ ئۆلىنى مەھكەم ئەتكۈچى.

2193. ئۆزۈندۇر قولى ئەلدە بەگدىن كېيىن،
يەتكۈزەر ۋەزىر بەگ قىلغان سۆزىن.

2256. ۋەزىر بەگكە دائىم كېڭەشچى بولۇر،
كېڭەشچى كىشىلەر قىياسچى بولۇر.

بۇ مىسرالاردىن ۋەزىرنىڭ ۋەزىپىسى بەگنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش، بەگكە ۋاكالىتەن باشقۇرۇش ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئورنى بەگدىن كېيىن، خەلقتىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى، قىلغان خىزمىتىنى دائىم بەگكە دوكلات قىلىدىغانلىقىنى، بەگكە مەسلىھەت بېرىش ۋە مۆرىتى كەلگەندە ئالدىنئالا مۆلچەرلەش ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ھاجىپنىڭ ئىش تەقسىماتى توغرىسىدا تۆۋەندىكى مىسرالار ئېيتىلغان:

2493. ھاجىپ ئىشى بولسۇن ۋە يا بەگ ئىشى،
كېلەر چوڭ ـ كىچىك ئەرز ئېيتقۇچى كىشى.

2498. ھال ئېيتسا پېقىر، تۇل، يېتىم ئۆتىنىپ،
ئۇنى بەگكە يەتكۈزسۇن ئۇ دەرھال بېرىپ.

2501. مۇشۇنداق بىر تالاي ئىشلارنىمۇ دەل
ئۇلۇغ ھاجىپ قىلۇر ئۆز قولىدا ھەل.

2503. ئى خاقان ھاجىپلار ساقلانمىقى شەرت،
بۇ بىرقانچە يەردە تىرىشىپ قەۋەت.

2504. بىرى بەگ سۆزىدىن پەقەت چىقمىسۇن،
ھەۋەسكە ئەقلىنى چۇلغۇر ئەيلىسۇن.

2505. ئۆچىنچى بەگ ئالدىدا تۇتسۇن ئۆزىن،
دېمەسۇن ئۇ ئاغزىغا كەلگەن سۆزىن.

2506. پۈتۈن ئىشنى قىلسۇن پارا ئالمىسۇن،
يىراقلارنى بەگكە يېقىن ئەيلىسۇن.

بۇ مىسرالاردىن ھاجىپنىڭ بەگنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بەگنىڭ ئوردا ئىچىدىكى كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئورنى ھەرقاي-

سى كەسپىي خادىملار بىلەن پاراللېل ئورۇندا بولۇپ، بەگنىڭ بۇيرۇقىنى بىجا كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. مانا مۇشۇنداق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئەسكەر باشلامچىسى، غەزىنە باشقۇرغۇچى، ئەلچى، ئىشىك باقار، باش ئاشپەز قاتارلىق باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ ئورنىنىڭ ئۆزئارا بىر تۈز سىزىقتا ئىكەنلىكى، بەگدىن كېيىن تۇرىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى، مەسئۇلىيەتلىرى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭدىن بىز توغرا لىنىيىلىك فۇنكسىيىلىك ئىش تەقسىماتى ۋە تۈز سىزىقلىق دەرىجىگە ئايرىش تەشكىلىي قۇرۇلما شەكلىنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولماستىن، بەلكى بۇنىڭدىن مىڭ يىل ئىلگىرىكى مەمۇرىي باشقۇرۇشتا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

**2. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئادەم بايلىقىنى باشقۇرۇش ئىدىيىسى**

نۆۋەتتە بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتتە ماددىي بايلىق مەنبەسى ئەۋزەللىكى مۇھىم ئورۇندا تۇرۇش ئۇچۇر بايلىقى ئەۋزەللىكى، يېڭى، يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا ئەۋزەللىكى ۋە ئادەم بايلىقى ئەۋزەللىكى مۇھىم ئورۇندا تۇرۇشقا ئۆزگەرمەكتە. شۇڭا، قايسى كارخانا ئىختىساسلىق كىشىلەر بايلىقىغا ئىگە بولسا، شۇ كارخانا رىقابەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا كارخانىلار كادىر باشقۇرۇشتىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇلنى ئىسلاھ قىلىپ، ئادەمنى ئاساس قىلغان ئادەم بايلىقىنى باشقۇرۇش فۇنكسىيىلىك تارماقلىرىنى قۇرۇشقا يۈزلەنمەكتە. بۇ فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىسى كارخانا باشقۇرغۇچى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى تاللاش، ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش، خىزمەت ۋەزىپىسىنى بېكىتىش، رەھبىرىي خادىملارنى بەلگىلەش، خىزمەت جەريانىدا خادىملارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ۋە ئۈزلۈكسىز كۈچىنى ئاشۇرۇش، تەقسىمات تۈزۈلمىسىنى بەلگىلەش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدە ئادەمنى ئاساس قىلغان باشقۇرۇش نۇقتىلىق تەكىتلەنگەن

بولۇپ، بۇنى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپلەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

1) رەھبىرىي خادىملارنى تاللاشتا ئۇلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئىچكى ساپا توغرىسىدا تۆۋەندىكى مىسرالار بايان قىلىنغان.

1961. بەگ ئولغاي خەلق ئۈچۈن جەسۇر قەھرىمان،
بۇنىڭلە قىلىنۇر چوڭ ئىشلار ھامان.

1963. خەلق بېگى تولىمۇ خىل بولماق كېرەك،
كۆڭۈل، تىل تۈز، خۇلقى ئۈز ئولماق كېرەك.

1964. ئاقىل بىلىملىك، ئەل سۆيەر تېخى،
كۆزى توق دىلى كەڭ، ھەم بولسۇن سېخى.

1965. قىلىشقا ياخشىلىق قول ئولسۇن ئۇزۇن،
ئۇياتچان، سىلىق ھەم قىلىقى تۈزۈن.

2016. قايۇ بەگ ساق ئولسا ئېلىن ساقلىدى،
ياۋ بويىنىن يانچىدى ھەم باغلىدى.

2017. قايۇ بەگ يورۇتسا قانۇننى كۈنى،
تۈزەتتى ئۇ ئەلنى، توغۇلدى كۈنى.

2299. يامانغا ھەيۋەت كېرەك، قورقۇتقىلى،
ياۋاشلارغا ياخشىلىق سۆيدۈرگىلى.

بۇ مىسرالاردا رەھبەرلىكتە (باشقۇرغۇچىلاردا) بولۇشقا تېگىشلىك ئىقتىدار، قابىلىيەت ئوتتۇرىغا قويۇلغان. يەنى ئۇلارنىڭ بىرىنچىدىن، بىلىملىك بولۇشى؛ ئىككىنچىدىن، باتۇر بولۇشى؛ ئۈچىنچىدىن، ئەخلاقلىق بولۇشى؛ تۆتىنچىدىن، پاك ـ دىيانەتلىك، خەلق سۆيەر بولۇشى؛ بەشىنچىدىن، قانۇن بويىچە ئىش كۆرىدىغان بولۇشى؛ ئالتىنچىدىن، ساغلام بولۇشى؛ يەتتىنچىدىن، بەلگىلىك دەرىجىدە ھەيۋىسى (نوپۇزى) بولۇشى كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇندىن باشقا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋەزىر، ئەسكەر باشلىقى، ھاجىپ، ئەلچى، پۈتۈكچى، غەزىنە باشقۇرغۇچى، ئىشىك باقار ۋە باش

ئاشپەزدىن ئىبارەت باشقۇرغۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ساپا توغرىسىدا شېئىرىي مىسرالار ئارقىلىق ئۆز كۆز قارىشىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان.

2) «قۇتادغۇبىلىك»تە كىشىلەرنى رىغبەتلەندۈرۈشتە ماددىي مۇكاپات بىلەن مەنىۋى رىغبەتلەندۈرۈشنى تەڭ ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇھىملىقى ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.

ئەنئەنىۋى باشقۇرۇشتا ھەرىكەت ئىلمى تەرەپدارلىرىدىن ماسلوف (Abraham. H. Msalow) نىڭ «ئېھتىياج قاتلىمى نەزەرىيىسى»، مىكرېگور (Douglos M. Mcgrogor) نىڭ «X نەزەرىيىسى — Y نەزەرىيىسى» ۋە خېرىز بېرىگ (Frederck. Heriberg) نىڭ «قوش ئامىل نەزەرىيىسى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ خۇلاسە چىقارساق، پسىخولوگىيە ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمى نۇقتىسىدىن ئادەمنىڭ ئېھتىياجىنى ئىككى خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرى، ماددىي ئېھتىياج. بۇ خىل ئېھتىياج بىرقەدەر تۆۋەن قاتلامدىكى ئېھتىياج بولۇپ، ئاساسلىقى تۇرالغۇ جاي، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، بىخەتەرلىك ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىرى ئادەمنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجى بولۇپ، بۇ خىل ئېھتىياج بىرقەدەر يۇقىرى قاتلامدىكى ئېھتىياج ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئاساسلىقى بىرەر تەشكىلگە تەۋەلىك ئېھتىياج، كىشىلەر تەرىپىدىن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇش ئېھتىياجى، خىزمەتتە ئىشەنچكە ئىگە بولۇش ئېھتىياجى، ئەمەلىنىڭ ياكى خىزمەت ئورنىنىڭ ئۆسۈشكە بولغان ئېھتىياجى، ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى خىزمەت جەريانىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىستىكى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خېرىز بېرىگ «قوش ئامىل نەزەرىيىسى»دە تۆۋەن قاتلاملىق ئېھتىياج قاندۇرۇلسا ساقلىقنى ساقلاش رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى، يۇقىرى قاتلامدىكى ئېھتىياج قاندۇرۇلسا رىغبەتلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. ماسلوف «ئېھتىياج قاتلىمى نەزەرىيىسى»دە تۆۋەن قاتلامدىكى ئېھتىياج قاندۇرۇلماي تۇرۇپ يۇقىرى قاتلامدىكى ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئارقىلىق كىشىلەرنى رىغبەتلەندۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە كىشىلەرنىڭ ماددىي جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ۋە ماددىي مۇكاپاتلاشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا تۆۋەندىكى مىسرالارنى يازغان:

2957. دېدىكىم ئۆگدۈلمىش: بۇ بەگلەر ئۆزە،
خادىم ھەققى باردۇر ئىشلەشتىن ئوزا.

2958. ئەڭ ئاۋال يېمەك ـ ئىچمەك بەرمەك كېرەك،
ئىشلەشكە قورااللار يەتكۈزمەك كېرەك.

2959. بۇ خىزمەت مۇشەققەت، قاتتىق ئىش ئىرۇر،
مۇنى بىلسە بەگ، ئىشچى غەيرەتلىنۇر.

2411. گەر ئالتۇن ـ كۈمۈشنى سوغات ئەيلىسەڭ،
قىلۇرلەر پىداجان ساپ ئالتۇنغا تەڭ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ مىسرالىرىدا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ئىش ھەققى بېرىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ تۆۋەن قاتلامدىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش كېرەكلىكىنى، خىزمەت مۇھىتىنى، خىزمەت قورالىرىنى ياخشىلىغاندا، خادىملارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىغانلىقىنى، ماددىي بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلىغاندا ھەرقانداق ئىشقا جېنىنى پىدا قىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىشىلەرنى روھىي جەھەتتىن رىغبەتلەندۈرۈش توغرىسىدا تۆۋەندىكى مىسرالارنى بايان قىلغان:

2408. كۆلەريۈز، شىرىن سۆز بەر تاۋار،
ئازاد ئەرلەر بۇ ئۇچكە كېلىپ توپلىنار.

2409. كۈمۈش بىرلە ئالتۇنغا ئالما قۇلۇڭ،
پىدا قىل بۇ ئۈچنى ئومۇمنى يىغار.

2399. ئەسىر ئالسا ماختاپ تارتۇقلاش كېرەك،
بۇ تارتۇق بىلەن بولسۇن ئەر خوش يۈرەك.

2400. يامان ماختىلىش بىرلە ياخشى بولۇر،

40

ماختالسا ياخشى قاچان كېيىن قالۇر؟

2401. ئۇتار قول بىلەن شىر ئەلنى ماختىساڭ،
يېتەر قۇشقا ئىتنىڭ ئەگەر سىلىساڭ.

2402. داۋالات ياربدار بولسا سەن كۆرۈپ،
قۇتقۇزدۇر ئەسىر چۈشسە، سەن قايتۇرۇپ.

2403. كۆتۈرگىن قەدىرلەپ ئۆلگەن بولسا گەر،
ئوغۇل ـ قىزى بولسا ئاتا ھەققى بەر.

2404. سۆيۈنگەي قوشۇنۇڭ گەر كۆرسە بۇنى،
قىلۇر جان پىدا ئۇ جەڭ مەيدان كۈنى.

بۇ مىسرالاردا يۇسۇپ خاس ھاجىپ خادىملارنى رىغبەتلەندۈرۈشتە، ئىختىساسلىق كىشىلەرنى جەلپ قىلىشتا سىلىق سۆز، ياخشى مۇئامىلە، ماددىي بۇيۇم بىلەن مۇكاپاتلاشنى تەڭ ئېلىپ بارسا خادىملارنى خىزمەت ئورنىدا تۇتۇپ قالغىلى ۋە رىغبەتلەندۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى، خىزمەتتە كىم ئۇتۇق كۆرسەتسە ئۇنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن مۇكاپاتلاشنىڭ مۇھىملىقىنى، ئۇرۇشتا قۇربان بولغان قەھرىمانلارنىڭ نامىنى ئېتىراپ قىلسا، خادىملارنىڭ ئاكتىپچانلىقى قوزغىلىپ، قوشۇننىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنىڭ ئاشىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ تەشكىلدىكى خادىملارنىڭ نەتىجە ئىستىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا تۆۋەندىكى مىسرالارنى بايان قىلغان:

2388. ئەگەر ياۋ چېكىنسە قوغلاپ تۇتمىساڭ،
ئۇنىڭدىن يېتەرلىك ئەسىر ئالمىساڭ.

2309. جەسۇر جەڭچىلەرنىڭ سېپى بۇزۇلۇپ،
كېلەر ياۋ ھوجۇمنى باشلاپ بۇرۇلۇپ.

3) «قۇتادغۇبىلىك» تە خادىملارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش توغرىسىدا تۆۋەندىكى مىسرالار بايان قىلىنغان:

1755. خىزمەتچى قولنى بەگ كۆرۈپ تۇرغۇلۇق،
خىزمەتتە ئاساسلىق سىناق قىلغۇلۇق.

1756. بەگكە يارامىلىق كۆرۈنسە قولى،
ئېچىلغاي ئۇنىڭغا ئەزىزلىق يولى.

1757. ئىش ئۇلسا تىلەكتەك، خىزمەتچى بۇيۇر،
خىزمەتچى چوڭايسا يېڭى نام ئالۇر.

1759. ئايا بەگ ئىشىڭنى ئىش بىلگەنگە بەر،
يارامىلىق، رۇس، تۈز، يۈرەكلىككە بەر.

1760. قايۇ بەگ يارامسىزغا بەرسە ئىشى،
يارامسىز ئۆزى ئۇ نە باشقا كىشى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ بۇ مىسرالىرىدا رەھبىرىي خادىملارنىڭ خىزمەتچىلىرىنىڭ خىزمىتىنى قەرەللىك ھالدا نازارەت قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، خادىملارنىڭ ئىقتىدارىنى سىناپ تۇرۇش كېرەكلىكىنى، ئىقتىدارلىق خادىملار كۆرۈلسە ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن يېتەرلىك شەرت ـ شارائىت ھازىرلاپ بېرىش لازىملىقىنى، خادىملارنىڭ خىزمەت تارىخىغا قاراپ ئوخشىمىغان نامىلارنى بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ۋەزىپە تەقسىم قىلغاندا قابىلىيىتىگە قاراپ ئىش تەقسىم قىلىش كېرەكلىكىنى، ئەگەر رەھبەرلىك تۆۋەندىكى خادىملارنىڭ قابىلىيىتىنى توغرا مۆلچەرلىيەلمىسە، رەھبەرلىك ئورنىدىكى كىشىنىڭ قابىلىيەتسىز بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

### 3. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئىستراتېگىيىلىك باشقۇرۇش ئىدىيىسى توغرىسىدا

«ئىستراتېگىيە» دېگەن بۇ سۆز ئاساسلىقى ھەربىي ئىشلار ئاتالغۇلىرى ۋە بىئولوگىيىلىك ئاتالغۇلاردىن كەلگەن بولۇپ، بۇنى دۆلىتىمىزنىڭ يېغىلىق دەۋرىدىكى «سۇنزى ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر دەۋردىكى قەدىمكى رىمنىڭ جەڭنامىلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىئولوگىيىدە دارۋىننىڭ «تۈرلەرنىڭ تەبىئىي تاللىنىشى» ياكى «ھاياتلىق رىقابىتىگە ماسلى-

شش تۆرلىرىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى»دا ئىپادىلىنىدۇ.

كارخانا باشقۇرۇشتىكى «ئىستراتېگىيە» كارخانىنىڭ كۈچلۈك، ئۆزگىرىشچان، كەسكىن رىقابەتكە تولغان تىجارەت مۇھىتىغا يۈزلىنىپ، ئۆزىنىڭ مۇددەت بازاردا پۇت تىرەپ تۇرۇشى ۋە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تۈزۈلگەن ئومۇمىي تەدبىردىن ئىبارەت. كارخانىلار ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىۋاتقان كەسكىن رىقابەتكە تولغان مۇھىتقا ماسلىشىش ئۈچۈن، كۈچلۈك سەزگۈرلۈك بىلەن كارخانىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى مۇھىتىنى ئانالىز قىلىپ، ئۆزىنىڭ رىقابەت ئەۋزەللىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بارلىق پۇرسەتلەرنى قولدىن بەرمەي رىقابەتچىلەرنىڭ ھەيۋىسىگە تاقابىل تۇرغاندىلا، ئاندىن بازاردا ئۇزۇن مۇددەت پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ ۋە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلالايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ 31 ـ بابىنىڭ «ئۆگدۈلمىشنىڭ ئىلىككە ئەسكەر باشلىغۇچى كىشىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى» دېگەن قىسمىدا ئىچكى تاشقى مۇھىت ئانالىزى، ئىستراتېگىيىلىك بىرىكىش ۋە ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا قوللىنىلىدىغان تاكتىكىلار، باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە سەزگۈر بولۇشى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇلارنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

كونىلاردا «ئۆزىنى بىلىش، ئۆزگىنىمۇ بىلىش»، «يوتقانغا قاراپ پۇت سۇن» دېگەندەك ئەقلىيە سۆزلەر بار، بۇلارنى كارخانىنىڭ تىجارەت باشقۇرۇشىدىكى ئىستراتېگىيە ئۇقۇمىغا تەتبىقلىساق، كارخانىنىڭ ئىچكى مۇھىت تەتقىقاتى—ئۆز كۈچىنى مۆلچەرلەشنى، جۈملىدىن كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى، ماشىنا ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، مالىيە كۈچى، ئادەم بايلىقى، مەھسۇلات سېتىش يوللىرى توغرىسىدىكى ئەھۋاللار ئۈستىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئانالىز قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. كارخانىلار رىقابەتتە ئۆزىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى توغرا مۆلچەرلەپ ئىشلەپچىقىرىش، تەتقىقات، سېتىش قوشۇنلىرىنى مۇقىملاشتۇرغاندىلا، ئاندىن رىقابەتچىلەرگە تاقابىل تۇرالايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە ئۆز كۈچىنى توغرا مۆلچەرلەش توغرىسىدا تۆۋەندىكى مىسرالارنى بايان قىلغان:

2335. دېمىش ياۋنى يەڭگەن بىر باتۇر چىۋەر،
ماڭا ئوت مىڭ ئەرلىك قوشۇن دەل يېتەر.

2336. كۆپ ئەسكەر يىيىلسا، ئىچى بۇلغىشار،
تۈزەپ بولماس ئۇنى، يارامسىز بۇلار.

2337. ئاتاقلىق جەسۇر ئەر يەنە سۆزلىمىش:
قوشۇندا قورال ـ ئەر خىل بولسۇن دېمىش.

2338. ئاتلانغان سوقۇشچى نەدەر ئاڭلىغىن،
بۇ سۆزنى ئىشتكەچ، ئەمەل ئەيلىگىن.

2339. قوشۇننى كۆپەيتمەي، قىل ئەرلەرنى خىل،
يىگىتلەر بىلەن تەڭ قورال سەرە قىل.

2340. كۆپىدىن ئېزى خوپ، بولسا مۇنتىزىم،
يىگىلگەن سانى كۆپ چىرىك كۆپ قېتىم.

بۇ مىسرالاردا ئۆز كۈچىنى مۆلچەرلەشتە قوشۇننىڭ ئىچىدە ئادەم قانچە كۆپ بولسا شۇنچە كۈچلۈك ھېسابلانمايدۇ، ئەكسىچە ئادەم كۆپ بولسا قوشۇننىڭ ئىچى قالايمىقان بولىدۇ، ئۇنى رەتكە سېلىش تەس. شۇڭا، قارغۇلارچە سانىنى كۆپەيتىشنى تەكىتلىمەي، سۈپەتكە (ساپاغا) ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، دەپ كۆرسىتىلگەن. قورال ـ سايمانلارنىڭمۇ سانىنى قارغۇلارچە كۆپەيتمەي، ئۇلارنىڭ ئىلغار، سەرخىل بولۇشىغا ئەھمىيەت بەرگەندىلا، رىقابەتچىگە تاقابىل تۇرغىلى بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئارتۇق ئادەم كۈچى ۋە قالاق ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر كارخانىغا نىسبەتەن مالىيە جەھەتتىن ۋە باشقۇرۇش جەھەتتىن ئېغىر يۈك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كارخانىنىڭ تاشقى مۇھىتىنى تەتقىق قىلىش ئىچكى مۇھىتىنى تەتقىق قىلىشتا سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى قىيىن بولۇپ، رەھبەرلىكنىڭ ناھايىتى سەزگۈر بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىلىم ئىگىلىكى تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، قايسى كارخانا ئىلغار ئۇچۇر تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، يۇقىرى تېخنىكىلاردىن، يېڭى ماتېرىيال، يېڭى ئېنېرگىيە مەنبەسىدىن قانچە

بۇرۇن پايدىلانسا، رىقابەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. كارخانىنىڭ تاشقى مۇھىت تەتقىقاتى ئاساسلىقى رىقابەتچىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش، بازار ئۆزگىرىشىنى ئىگىلەش، پەن ـ تېخنىكا يېڭىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىش، خېرىدارلار ئەھۋالىنى ئىگىلەش، دۆلەتنىڭ قانۇن تۈزۈمى، ماكرولۇق ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى توغرىسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز ۋاقتىدا سەزگۈرلۈك بىلەن ئىگىلەشنى كۆرسىتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ سىرتقى ئەھۋالنى كۆزىتىش، قوماندانىنىڭ سەزگۈر بولۇشى توغرىسىدا تۆۋەندىكى مىسرالارنى بايان قىلغان:

2342. كېرەك چارلىغۇچى قىسىم خىللىماق،
قۇلاق ـ كۆزنى ساقلاپ، يىراق قارىماق.

2346. كۆزەتسۇن ھەركەتنى ئەلەم تۇتقان ئەر،
ھېچ چەتتە قالمىسۇن ياۋنى ئورار ئەر.

2309. كېرەك بۇ قانچە ئىش قوماندان ئۈچۈن،
ئۇرۇش قىلغاندا ياۋغا، تۈزەپ يول يوسۇن:

2313. سېغىزخاندىن سەگەكرەك بولسۇن ئۆزى،
كۆرسە قىيا قۇزغۇندەك يىراقنى كۆزى.

2314. قارا، بولسۇن ھەممەتتە ئۇ ئارسلان،
كېچىسى ھۇقۇشتەك ئويغاق ھەر زامان.

2351. ئەڭ ئاۋال ئىرىشىپ تىل ئالماق كېرەك،
بۇ تىلدىن ياۋ ھالىنى بىلمەك كېرەك.

2352. ئىشنى شۇنىڭغا قاراپ ئىشلىسۇن،
كېسىپ ياۋ بېشىنى بويىنى يانچىسۇن،

2353. مانا شۇ ھوشيارلىق، ئويغاقلىق بولۇر،
سوقۇشتا كىم ھوشيار بولسا شۇ ئۇتۇر.

بۇ مىسرالاردا يۈسۈپ خاس ھاجىپ رىقابەتتە ئالدى بىلەن چارلىغۇچى قويۇپ دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىش، دۈشمەن تەرەپتىن تىل ئېلىش كېرەكلىكىنى، قوماندان كۈندۈزى سېغىزخاندەك، كېچىسى ھۇقۇشتەك سەزگۈر تۇرۇپ ئەھۋالنى كۆزەتكەندىلا، ئاندىن رىقابەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىيەلەيدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. «قۇتادغۇبىلىك»تە تاشقى مۇھىتنى كۆزىتىشتىن باشقا يەنە ھەر خىل تاكتىكىلاردىن پايدىلىنىش توغرىسىدا بىرنەچچە خىل ئۇسۇللارنى كۆرسەتكەن. راست بىلەن يالغاننى تەڭ ئىشلىتىپ دۈشمەننىڭ كۆزىنى بوياش، رىقابەت ھالىتىنى ساقلاشتا رىقابەت ۋاقتى ئۇزۇن بولماسلىق قاتارلىقلار بۇنىڭ مىسالى.

«قۇتادغۇبىلىك» فېئوداللىق يۇقىرى تەبىقىدىكى باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، ماركسىزملىق دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمغا زىت ئىدىيىلەردىن خالىي بولالمىغان. شۇڭا، ئۇنى تەتقىق قىلىشتا، شاكىلىنى تاشلاپ مېغىزىنى قوبۇل قىلىشتەك دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئۇنىڭ ئىدىيىسىگە ئىجابىي ۋارىسلىق قىلىش كېرەك.

---

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

① «قۇتادغۇبىلىك» مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 ـ يىل ئويغۇرچە نەشرى

② ماقالىدىكى شېئىرىي مىسرالارنىڭ نومۇرى «قۇتادغۇبىلىك»تە بايان قىلىنغان مىسرالارنىڭ ئەسلى نومۇرى بويىچە ئېلىندى.

**(ئاپتورلار شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى سودا ـ سانائەت فاكۇلتېتى ۋە مەكتەپ ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىدىن)**

**مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۆگايلى**

# ئىقتىسادىي خىزمەت نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم تەدبىرى

لى مىڭجى

9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 14 ـ يىغىنى «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەت نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «ئىقتىسادىي نازارەتچىلىك توغرىسىدا قارار» دېيىلىدۇ)نى ماقۇللىدى. 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 13 ـ يىغىنى «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مەركەزنىڭ خام چوتىنى تەكشۈرۈش، نازارەتچىلىك قىلىشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى»نى ماقۇللىغاندىن كېيىن، مۇشۇ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش جەھەتتە ئوتتۇرىغا چىقارغان يەنە بىر مۇھىم تەدبىرى. خۇددى كومىتېت باشلىقى لى پېڭ كۆرسەتكەندەك، بۇ قاراردا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئىقتىسادىي خىزمەت نازارەتچىلىكىنىڭ ئاساسىي تەجرىبىلىرى يەكۈنلەنگەن. بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى كۈچەيتىشتە يولغا قويۇشقا بولىدىغان ئۇسۇل ـ چارىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ئۇنى قېلىپلاشتۇرۇش، خەلق ئىگىلىكىنىڭ سىجىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. «ئىقتىسادىي نازارەتچىلىك توغرىسىدا قارار»نى تۈزۈشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى

*1) نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ قوللىنىلىشچانلىقى كۈچەيتىلدى.* ئۇ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاساسىي قانۇندا بېرىلگەن مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىشىغا پايدىلىق. دۆلىتىمىز ئاساسىي قانۇنىنىڭ 67 ـ ماددىسىدا: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى گوۋۇيۈەننىڭ خىزمەتلىرىگە نازارەتچىلىك قىلىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي خىزمەتلەرگە بولغان نازارەتچىلىك ئۇنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ، بۇ خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇپ، دۆلەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەنلىكىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى. شۇنداقلا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپىدۇر. كۆپ يىللاردىن بۇيان، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئىقتىسادىي نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، نەتىجىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەر يەنىلا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ۋە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدا تۇرماقتا. ھازىر بار بولغان قانۇن بەلگىلىمىلەرنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، بەزى ئۇسۇللار تېخى دېگەندەك قېلىپلاشمىدى، بەزى جەھەتلەردە ئېنىق بەلگىلىمىلەر كەمچىل. «ئىقتىسادىي نازارەتچىلىك توغرىسىدا قارار»دا نازارەتچىلىكنىڭ مەزمۇنى، تەرتىپى ۋە ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەر بىرقەدەر كونكرېت بەلگىلەندى، قوللىنىلىشچانلىقى ئاشۇرۇلدى، بۇ ئىقتىسادىي نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق.

*2) ئىقتىسادىي خىزمەتتە دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇپ، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سەۋەنلىكلەرنى ئازايتىش، چىرىكلىشىشنى چەك‐*

*لەشكە پايدىلىق.*

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش پارتىيىمىزنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى ئاساسلىق ئىستراتېگىيىسىدۇر. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەتلەرگە بولغان نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش قانۇن جەھەتتىن ۋە تۈزۈم جەھەتتىن پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىللىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، مەمۇرىي جەھەتتە سەۋەنلىكلەرنى ئازايتىش ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىش، ئۇنى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىگە تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پايدىلىق. شۇنىڭدەك ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، تۈرلۈك تەرەققىيات نىشانلىرىنى تېخىمۇ ئوبدان ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پايدىلىق.

مەملىكەتلىك ئىقتىسادىي تەپتىش باش مەھكىمىسىنىڭ باش مۇپەتتىشى يولداش لى جىنخۇا مەملىكەتلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10 - يىغىنىدا بەرگەن ئىقتىسادىي تەپتىش خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتىدا بەزى تارماقلارنىڭ خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ساختىپەزلىك قىلىپ، مالىيە مەبلىغى ياكى مەخسۇس مەبلەغنى يۆتكەپ ئىشلىتىپ شىركەت قۇرغانلىقى، بىنا، زال، مېھمانخانا، ساراي سالغانلىقى، زايوم، پاي چېكى سېتىۋالغانلىقى، بۇنىڭ سوممىسى بىرقانچە مىليارد يۈەنگە يەتكەنلىكى، يەنە شۇنىڭدەك بەزى تارماق ۋە ئورۇنلارنىڭ مالىيىنىڭ مەخسۇس مەبلىغىنى قىسىپ قېلىپ، تۇتۇپ قېلىپ ياكى يوشۇرۇپ، مەبلەغنىڭ تېگىشلىك ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرمايلا قالماستىن، بەلكى زور مىقداردىكى مەبلەغنى كىچىك غەزىنىسىگە كىرگۈزىۋالغانلىقى ئىنكاس قىلىندى. بۇنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى چۆچۈتىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە ئاممىنىڭ بۇنىڭغا قارىتا ئىنكاسى كۈچلۈك بولماقتا، تۈزۈم جەھەتتە تەدبىر قوللىنىپ، يوچۇقلارنى ئېتىپ، چىرىكلەشكەنلەرنى جازالاشنى تەلەپ قىلماقتا. بۇ مەسىلىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە يامراپ كېتىشى ئىقتىسادىي خىزمەتلەرگە قارىتا زۆرۈر بولغان نازارەتچىلىكنىڭ كەمچىل بولۇۋاتقانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، «ئىقتىسادىي نازارەتچىلىك توغرىسىدا قارار»نىڭ ئېلان قىلىنىشى ئىنتايىن زۆرۈر ۋە ئىنتايىن دەل ۋاقتىدا بولدى، بۇ ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي نازارەتچىلىكىدىكى بىر زور ئىلگىرىلەش بولۇپ، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردىكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى ئازايتىشقا پايدىلىق.

*3) نازارەتچىلىك قانۇنىنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىقتىسادىي نازارەتچىلىك خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىشكە پايدىلىق.* «ئىقتىسادىي نازارەتچىلىك توغرىسىدا قارار» دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسلىنىپ نازارەتچىلىك بىلەن قوللاش بىرلەشتۈرۈلۈپ، نازارەتچىلىك قىلىش ئارقىلىق، گوۋۇيۈەننىڭ ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىشىنى قوللاشتا چىڭ تۇرۇلدى. قانۇندا بەلگىلىمە بار بولغانلىرىنى بەلگىلىمە بويىچە ئىجرا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش بەلگىلەندى. شۇنىڭدەك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئىقتىسادىي نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش جەھەتتىكى ئەمەلىيىتى يەكۈنلىنىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرقەدەر پىشقان ئۇسۇللار قېلىپلاشتۇرۇلدى ۋە تۈزۈملەشتۈرۈلدى. بۇ قارارنىڭ ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇشى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىشى ئۈچۈنمۇ تەجرىبە توپلاپ بەردى.

## 2. «ئىقتىسادىي نازارەتچىلىك توغرىسىدا قارار»نىڭ ئاساسىي مەزمۇنى

*1) يىللىق پىلان، 5 يىللىق پىلان، ئۇزاق مۇددەتلىك پىلاننى تەكشۈرۈش ۋە تەستىقلاش توغرىسىدا*

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، گەرچە پىلاننىڭ مەزمۇنى، تەكشۈرۈش ئۇسۇلى جەھەتتە ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى يەنىلا دۆلەتنىڭ ماكرولۇق ئىگىلىك

باشقۇرۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. ئاساسىي قانۇنىنىڭ 62 ـ ماددىسىدا: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى «خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى، پىلانىنىڭ ئىجراسى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى تەكشۈرۈش ۋە تەستىقلاش» ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ئاساسىي قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا پىلانىنى تەكشۈرۈش ۋە تەستىقلاش كەم بولسا بولمايدىغان ئىش. ئۇ ئىقتىسادىي خىزمەتلەردە دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش، پىلان تۈزۈشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋەپىلانىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ سىياسەت ـ تەدبىرلىرىنى پارتىيىنىڭ فاڭجېن سىياسەتلىرىگە ۋە ئامىمىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پايدىلىق.

«مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش قائىدىسى»دە خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ئېچىلىشتىن بىر ئاي بۇرۇن، گوۋۇيۈەنىنىڭ ئالاقىدار باشقۇرۇش تارماقلىرى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى، دۆلەت خام چوتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى توغرىسىدا خەلق قۇرۇلتىيى مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەخسۇس كومىتېتلارغا دوكلات قىلىشى، مالىيە ئىقتىساد كومىتېتى ئۇنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ چىقىشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن. ئەمما بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان پىلانىنىڭ 5 يىللىق پىلان ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك پىلانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ـ ئالمايدىغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 يىللىق پىلان ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك پىلانىنى تەكشۈرۈش ۋە تەستىقلاش جەھەتتە شەكىللەنگەن ئۇسۇلىغا ئاساسەن، «ئىقتىسادىي نازارەتچىلىك توغرىسىدا قارار»دا گوۋۇيۈەن تۈزگەن يىللىق پىلان لايىھىسى، 5 يىللىق پىلان لايىھىسى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان لايىھىسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ئېچىلىشتىن بىر ئاي بۇرۇن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا يوللىنىشى كېرەك، دەپ بەلگىلەندى.

*2) مالىيە ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ يىللىق پىلان لايىھىسىنى ۋە پىلان ھەققىدىكى دوكلاتىنى تەكشۈرۈشىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى توغرىسىدا*

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش قائىدىسىدە مالىيە ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ ھەر يىللىق قۇرۇلتاي يىغىنى مەزگىلىدە پىلان لايىھىسىنى ۋە پىلان توغرىسىدىكى دوكلاتىنى تەكشۈرۈشى ھەققىدە بەلگىلىمە بار بولسىمۇ، لېكىن تەكشۈرۈش نۇقتىلىرىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش، تېخىمۇ قاراتمىلىققا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، «ئىقتىسادىي نازارەتچىلىك توغرىسىدا قارار»دا، مالىيە ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ تەكشۈرىدىغان مۇھىم نۇقتىلىرى: پىلان تۈزۈشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەستىقلىغان 5 يىللىق پىلان ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك پىلانغا ئۇيغۇن بولۇشى؛ ئاساسىي نىشان ۋە كۆرسەتكۈچلەر خەلق ئىگىلىكىنى سىجىل، مۇقىم تەرەققىي قىلدۇرۇش تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇشى؛ ئاساسىي تەدبىرلەر ماكرولۇق تەڭشەش، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى ياخشىلاش، دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلىرىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش، خەلقنىڭ تۇرمۇشنى ھەقىقىي تۈردە ياخشىلاش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتى ۋە سىجىل تەرەققىياتنى ياخشى يولغا قويۇش قاتارلىق تەلەپلەرگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك، دەپ بەلگىلەندى.

*3) دۆلەتنىڭ پەۋقۇلئاددە زور قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى قاراپ چىقىش ۋە قارار قىلىش توغرىسىدا*

«ئىقتىسادىي نازارەتچىلىك توغرىسىدا قارار»دا: چېتىلىدىغان دائىرىسى كەڭ، تەسىرى چوڭقۇر بولغان، غايەت زور مەبلەغ سېلىنىدىغان دۆلەتنىڭ پەۋقۇلئاددە زور قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە گوۋۇيۈەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ياكى ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا تەكلىپ سۇنىدۇ، خەلق قۇرۇلتىيى ياكى دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا قاراپ چىقىلىدۇ ھەمدە قارار چىقىرىلىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان دۆلەتنىڭ پەۋقۇلئاددە زور قۇرۇلۇش تۈرى ئايرىم ساندىكى ئالاھىدە بولغان تۈرلەر بولۇپ، تەدبىر بەلگىلەشتە ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بۇ خىلدىكى تۈرلەرنى قاراپ

چىقىش ۋە قارار قىلىش توغرىسىدا ھېچقانداق بەلگىلىمە چىقىرىلمىغان. گوۋۇيۈەن تەكلىپ سۇنغاندىن كېيىن، خەلق قۇرۇلتىيى ياكى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشى ۋە قارار قىلىشى تەدبىر بەلگىلەشنى دېموكراتىيەلەشتۈرۈش ۋە ئىلمىيلەشتۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى. 1992 ـ يىلى مەملىكەتلىك 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 ـ يىغىنى گوۋۇيۈەن سۇنغان چاڭجياڭ سەنشيا قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى تەكلىپنى قاراپ چىقىپ، چاڭجياڭ سەنشيا قۇرۇلۇشىنى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 10 يىللىق پىلانىغا كىرگۈزۈش، گوۋۇيۈەن خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە دۆلەتنىڭ مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچى ئىمكانىيىتىگە ئاساسلىنىپ، مۇۋاپىق پەيتنى تاللاپ يولغا قويۇشنى تەستىقلاشنى قارار قىلدى. بۇ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ چاڭجياڭ سەنشيا قۇرۇلۇشى توغرىسىدا چىقارغان زور قارارىدۇر. بۇ قۇرۇلۇشقا كېتىدىغان مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەئى مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان بولغاچقا، بۇنىڭغا ئاما ئۆزلىرىنىڭ تۆھپىسىنى قوشتى، خەلق قۇرۇلتىيى تەستىقلىغاندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قوللاپ، قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى، قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتمۇ ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق بولدى. سەنشيا قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلانغاندىن كېيىن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بۇ قۇرۇلۇشقا قارىتا نازارەتچىلىك پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى.

*4) ئىقتىسادىي خىزمەتنى دائىملىق نازارەت قىلىش توغرىسىدا*

ئاساسىي قانۇننىڭ 67 ـ ماددىسىدا: «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى يېپىق مەزگىلدە خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى، دۆلەت خام چوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى جەريانىدا زۆرۈر بولغان قىسمەن تەڭشەش لايىھىسىنى تەكشۈرۈش ۋە تەستىقلاش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. «مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىش قائىدىسى»نىڭ 22 ـ ماددىسىدا: دائىمىي كومىتېت گوۋۇيۈەننىڭ ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. «ئىقتىسادىي نازارەتچىلىك توغرىسىدا قارار» ئاساسىي قانۇن ۋە مۇناسىۋەتلىك قارارلارغا ئاساسلىنىپ ھەمدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كۆپ يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، تۆۋەندىكى مەزمۇنلار ئۈستىدە بەلگىلىمە چىقاردى:

(1) مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلتاي تەستىقلىغان يىللىق پىلان، 5 يىللىق پىلان ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك پىلاننىڭ تەڭشەش زۆرۈر بولغان قىسمىنى تەكشۈرىدۇ ۋە تەستىقلايدۇ. ئىلگىرى قانۇنلاردا 5 يىللىق پىلان ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك پىلاننى قىسمەن تەڭشەشنى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتكۈزۈش ئېنىق بەلگىلەنمىگەن. (2) گوۋۇيۈەن ھەر يىلى 8 ـ ئايدا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئالدىنقى يېرىم يىللىق پىلاننىڭ ئىجراسىنى دوكلات قىلىشى كېرەك. (3) ئىقتىسادىي ئايلىنىشتا زور ئۆزگىرىش بولغاندا، گوۋۇيۈەن خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا دوكلات قىلىشى، ئىزاھات بېرىشى كېرەك. بۇ جەھەتتە دۆلەت قانۇنىدا تېخى تۇنجى قېتىم ئېنىق تەلەپ قويۇلدى. (4) مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئېھتىياجغا ئاساسەن گوۋۇيۈەننىڭ ئىقتىسادىي خىزمەت جەھەتتىكى مەخسۇس تېمىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلايدۇ ۋە قاراپ چىقىدۇ.

*5) ئىقتىسادىي جەھەتتە چەت ئەللەر بىلەن بولغان شەرتنامە ۋە كېلىشىملەرنى تەستىقلاش توغرىسىدا*

دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادنى يەر شارىلاشتۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقە بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. مۇشۇنداق ئالاقىلىشىش داۋامىدا، چەت ئەللەر ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن بولغان شەرتنامە ۋە كېلىشىملەرنى ئىمزالاش ياكى بىكار قىلىش جەزمەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارا

چىقىرىپ تەستىقلىشىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى لازىم. بۇ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە ئىقتىسادىي بىخەتەرلىكىگە چېتىلىدۇ. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارار چىقىرىپ تەستىقلىشىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى زۆرۈر بولغان شەرتنامە ۋە مۇھىم كېلىشىملەر توغرىسىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شەرتنامە ھاسىل قىلىش تەرتىپى قانۇنى»دا پرىنسىپال بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان. «ئىقتىسادىي نازارەتچىلىك توغرىسىدا قارار»دا بۇ يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلدى ۋە تەكىتلەندى.

*6) مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مەخسۇس كومىتېتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلىرى توغرىسىدا*

«ئىقتىسادىي نازارەتچىلىك توغرىسىدا قارار»دا، تۆۋەندىكى مەزمۇنلار بەلگىلەندى: (1) كومىتېت باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ ھاۋالىسىگە بىنائەن، مەخسۇس كومىتېت گوۋۇيۈەننىڭ مۇناسىۋەتلىك تارمىقىنىڭ مەخسۇس تېمىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلايدۇ. (2) مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي·كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، خەلق قۇرۇلتىيى مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتى ھەر پەسىلدە گوۋۇيۈەننىڭ مۇناسىۋەتلىك تارمىقىنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلايدۇ ھەمدە ئانالىز يۈرگۈزۈپ تەتقىق قىلغان ئاساستا كومىتېت باشلىقلىرى يىغىنىغا ئانالىز دوكلاتى سۇنىدۇ. بۇ ئۇسۇللار ئارقىلىق، ئەزالارنىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي خىزمەت توغرىسىدىكى پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىغا دەل ۋاقتىدا ئىنكاس قىلغىلى بولىدۇ، لېكىن قانۇندا بۇ ھەقتە تا ھازىرغىچە ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلمىدى.

«ئىقتىسادىي نازارەتچىلىك توغرىسىدا قارار»دا، مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتى 4 ـ ئايدا، 7 ـ ئايدا ۋە 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن بۇرۇن ئومۇمىي يىغىن ئېچىپ، گوۋۇيۈەننىڭ مۇناسىۋەتلىك تارمىقىنىڭ پەسىللىك ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلايدۇ ۋە تەھلىل ـ تەتقىق قىلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بۇنداق قىلىش بۇ خىزمەتنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە قانۇنلاشتۇرۇشقا پايدىلىق. (3) ئەزالارنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنىڭ رولىنى شەكىلۋازلىق قىلماي ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، «ئىقتىسادىي نازارەتچىلىك توغرىسىدا قارار» دا، مەخسۇس كومىتېت ئومۇمىي يىغىنى ئېچىپ، گوۋۇيۈەننىڭ مۇناسىۋەتلىك تارمىقىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر ـ تەكلىپلەر كومىتېت باشلىقلىرى يىغىنىغا مەلۇم قىلىنىدۇ. كومىتېت باشلىقلىرى يىغىنى قاراپ چىققاندىن كېيىن، گوۋۇيۈەن ۋە ئۇنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇش ـ تاپشۇرماسلىقنى قارار قىلىدۇ ھەمدە نەتىجىسى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا مەلۇم قىلىنىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەندى.

*7) جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكى توغرىسىدا*

«ئىقتىسادىي نازارەتچىلىك توغرىسىدا قارار»دا، قانۇندا ئايرىم بەلگىلىمە چىقىرىلغانلىرىدىن باشقىلىرىدا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىقتىسادىي نازارەتچىلىكنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى جەمئىيەتكە ئېلان قىلىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەندى. بۇ جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكى ۋە ئاممىۋى نازارەتچىلىكنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، «ئىقتىسادىي نازارەتچىلىك توغرىسىدا قارار»دا يەنە گوۋۇيۈەن ۋە ئۇنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارمىقىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ياكى مەخسۇس كومىتېتقا خىزمەت دوكلاتى بەرگەندە، ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىشى، پىكىرلەرنى ئاڭلىشى، سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىشى قاتارلىقلار توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

**(«جۇڭگو خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىل 9 ـ سانىدىن ئابدۇلئەھەد ھاجى تەرجىمىسى)**

**مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم**

# شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ھەم ئۇنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش داۋامىدىكى مۇھىم ئەھمىيىتى

## توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم

**ئوبۇلقاسىم تۇراق**

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، خەلق ھۆكۈمەتلىرى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىنى پائال يېتەكلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، نۇرغۇن ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي سىياسىي مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىيات ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن ئاچقۇچلۇق رول ئوينىدى.

ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ۋە خ ق دائىمىي كومىتېتلىرىدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار باش شۇجى جياڭ زېمىن ۋە مەركىزىي كومىتېتنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشتىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇشىمىز كېرەك.

بىرىنچى، باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 5 ـ نۆۋەتلىك پارتكوم 7 ـ ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مۇھىم ۋەزىپىسى.

باش شۇجى جياڭ زېمىن ماركسىزملىق تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم قارىشىغا تەدبىقلاپ، جۇڭگو تارىخى قارىشى ۋە دۇنيا ئومۇملۇقى قارىشى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى تارىخىي تەرەققىيات ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ئىبارەت ئومۇمىيلىققا قويۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش داۋامىدىكى مۇھىم رولىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ كۆرسىتىپ بەردى ھەمدە مۇرەككەپ ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەتنى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق تەھلىل قىلىپ، تارىختىكى ۋە بۈگۈنكى خەلقئارا جەمئىيەتتىكى مىللەتلەر، دىن خىزمىتى تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى چوڭقۇر يەكۈنلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىغا ۋە ئۇزاققىچە ئەمىن بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش يۇقىرى كۆتۈرۈپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭ ۋە چېگرا رايوننىڭ مۇقىملىقى ۋە بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنىڭ زور ئەھمىيىتىنى شەرھلەپ بەردى.

باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك ئىدىيىۋى قورال، شۇنداقلا بىزنىڭ خىزمەتلىرىمىزنى ياخشى ئىشلىشىمىز، بولۇپمۇ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىمىزدىكى پروگرامما خاراكتېرلىك

مۆججەت. ھەر دەرىجىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتلىرى باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە تەشۋىق قىلىشنى بىر مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، چىڭ ۋە ياخشى تۇتۇپ، سۆزنىڭ روھى ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، سۆزنىڭ روھى ئارقىلىق كاللىسىنى قوراللاندۇرۇپ، ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىنى ھەقىقىي تۈردە باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈشى، ئۆگىنىش جەھەتتە ۋاقىت، خادىم، مەزمۇننى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى؛ تەشۋىقات جەھەتتە بوشلۇق قالدۇرماسلىقى كېرەك. رەھبەر مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، رەھبىرىي كادىرلار بىر دەرىجە يەنى بىر دەرىجىنى ئۆگىنىشكە يېتەكلەپ، بىر دەرىجىنىڭكىنى يەنە بىر دەرىجىگە ئاڭلىتىپ، بىر دەرىجىنىڭ ئىشلىگىنىنى يەنە بىر دەرىجىگە كۆرسىتىپ، يەتكۈزۈش ـ ئۆگىنىشنى ياخشى تۇتۇپلا قالماي، يەنى قايتا ـ قايتا مۇزاكىرىگە تەشكىللەپ، تەسرات يېزىپ، ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىش، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش تەربىيىسىنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ساھەلەر، ھەرقايسى قاتلاملاردىكى ئاممىنىڭ ئۆگىنىش تەربىيىسىنىمۇ ياخشى تۇتۇپ، كەڭ ۋە چوڭقۇر ئۆگىنىش ئارقىلىق ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى مۇقىملىقنى ساقلاش خىزمىتى ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە ئاڭلىق ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاتلىنىدىغان قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىغا ۋە تەرەققىياتىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشى لازىم.

ئىككىنچى، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخى ۋە دىنىنىڭ ئۆزگىرىش تارىخىنى جەزمەن ئەستايىدىل ئۆگىنىشى، مەسىلىلەرنى ماركسىزملىق دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى، دىن قارىشى، تارىخ قارىشى ۋە مەدەنىيەت قارىشى ئارقىلىق تونۇشى، ئوبيلىنىشى ۋە بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. شىنجاڭ تارىخىنى جۈملىدىن مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخى ۋە دىنىنىڭ ئۆزگىرىش تارىخىنى ئۆزى بىلىپلا قالماي، بەلكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا بىلدۈرۈشى كېرەك. كادىرلار ۋە ئامما شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ مۇقەددەس زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى؛ شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ تۇپراقتا ئىزچىل تۈردە ھەر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياشاپ كەلگەنلىكىنى، شىنجاڭدا ياشاپ كېلىۋاتقان ھەرقايسى مىللەتلەر جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى ئورتاق يارىتىپ، جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقانلىقىنى بىلدۈرۈشى كېرەك. ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى ۋە چېكىدىن ئاشقان جىنايەتلىرىنى چوڭقۇر پاش قىلىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسىي خەۋپنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلىرىدىن كېلىدىغانلىقىنى، ئاز ساندىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تونۇش، ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ۋەتەنني پارچىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەرىكىتىنىڭ ئەزەلدىن توختاپ قالمىغانلىقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ توختاپ قالمايدىغانلىقىنى، بىزنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىك، چېكىدىن ئاشقان دىنىي كۈچلەر بىلەن بولغان كۈرىشىمىزنىڭ مىللىي مەسىلە ئەمەسلىكىنى، دىنىي مەسىلىمۇ ئەمەسلىكىنى، ئەكسىچە بىر مەيدان كەسكىن سىياسىي كۈرەش، شۇنداقلا ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشتىكى بىر مەيدان ھايات ـ ماماتلىق كۈرەش ئىكەنلىكىنى تونۇشى-

مىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىشەنچىمىزنى چىڭىتىپ، قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ بارلىقىغا، جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى توغرا رەھبەرلىكىمىز، قۇدرەتلىك خەلق دېموكراتىيىسى ۋە دىكتاتۇرىمىز، يېڭىلمەس خەلق ئازاتلىق ئارمىيىمىز، يىمىرىلمەس مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىمىزنىڭ بارلىقىغا، ھەرقانداق دۈشمەننىڭ بۆلگۈنچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ مۇتلەق ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ جەزمەن مەغلۇپ بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچى، شىنجاڭدا مۇقىملىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇھىملىقىنى غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئومۇملۇقى ۋە يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ تونۇش كېرەك.

مىللەت مەسىلىسى ئىجتىمائىي مۇقىملىققا، چېگرا رايوننى مۇستەھكەملەشكە، قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتنىڭ ئاساسى، ئەگەر، بۆلگۈنچىلىك ۋە قالايمىقانچىلىق يۈز بەرسە، دۆلەت ۋە مىللەتكە غايەت زور ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى بۇزۇپ، مىللىي ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، ۋەتەننى پارچىلاش مەقسىتىگە يېتىش ـ مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئاساسلىق ۋاستىسى. تارىخىي تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ياخشى بولسا، تۈرلۈك ئىشلىرىمىز ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلىدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەسىرگە ئۇچرىسا، ئىشلىرىمىز زىيانغا ئۇچرايدۇ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىمۇ مۇقەررەر ھالدا زىيانغا ئۇچرايدۇ.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەي كۈچەيتىشىمىز كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىدىكى كادىرلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ئۈلگىلىرىدىن، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ سادىق ئىجرا قىلغۇچىلىرى ۋە تەشۋىقاتچىلىرىدىن بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگىچە سىڭدۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ قويۇق ئىجتىمائىي مۇھىتىنى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك.

مىللەت چوڭ ـ كىچىك دەپ ئايرىلمايدۇ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، مائارىپ، تىل، يېزىق، دىن قاتارلىق جەھەتلەردە بىردەك باراۋەر بولىدۇ. ئۆزئارا كەمسىتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىلەرنى زور كۈچ بىلەن تەقدىرلەپ، «3 ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇشىمىز كېرەك. تىرىشىپ ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئامما ئارىسىدا ئۆزئارا ئىشىنىدىغان، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئۆزئارا ياردەملىشىدىغان، ئۆزئارا قوللايدىغان، ئۆزئارا ئۆگىنىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈشىمىز لازىم. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نەپەسداش، تەقدىرداش، قەلبداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ياردەم بېرىش ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

«مىللىي بۆلگۈنچىلىك مەيلى قەيەردە بولسۇن، ھەممىسىلا مەملىكىتىمىزنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىدىكى ئاپەت، ئۇلار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى»، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، چېكىدىن ئاشقان دىنىي كۈچلەر، زوراۋان، تېررورچىلارنىڭ ماھىيىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە قارشى تۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك

ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇش، ئاخىرى بىرىپ ۋەتەننى پارچىلاش مەقسىتىگە يېتىشتىن ئىبارەت. بۇ 3 خىل دۈشمەن كۈچنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىگە قاتتىق زەربە بەرگەندىلا، ئاندىن ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى قوغدىغىلى بولىدۇ، مۇقىملىق بولغاندىلا، ئاندىن تەرەققىي قىلغىلى بولىدۇ، ھەر مىللەت خەلقى خاتىرجەم بولىدۇ.

تۆتىنچى، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش كېرەك. ئاممىغا پۇقرالارنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش ھەم دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكى سىياسىتىنىمۇ تەشۋىق قىلىش لازىم. دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنىڭ ھوقۇقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىغا بېسىم ئىشلىتىدىغان، ھەتتا كەمسىتىپ زەربە بېرىدىغان ئەھۋاللارنى ئۆزگەرتىش لازىم. ئاما ۋە دىنىي زاتلارغا دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا زورلاش ھەرىكىتىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىققا زورلاشقا ئوخشاشلا قانۇنسىز ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا ھەرگىز يول قويۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك. ئەكسىيەتچىل سىياسىي مەقسىدى بار، بىر قىسىم كىشىلەرنى دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان كادىرلار ۋە ئاممىنى يېتىم قالدۇرۇشقا، زەربە بېرىشكە كۈشكۈرتكەن ۋە زىيانكەشلىك قىلغان مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋە چېكىدىن ئاشقان دىنىي كۈچلەرنى بايقىغان ھامان قەتئىي پاش قىلىپ، بىر تەرەپ قىلىش ۋە زەربە بېرىش لازىم.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىز يەنە تۇرلۇك خىزمەتلىرىمىزدە ئىستىلىمىزنى ھەقىقىي ياخشىلىشىمىز لازىم. ئىستىل مەسىلىسى ئوبراز مەسىلىسى، ئىستىل دۇرۇس بولمىسا ئوبراز ياخشى بولمايدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىمىز يولداش جياڭ زېمىننىڭ تەلىپى بويىچە «3 كە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئاڭلىق ئۆگىنىپ، «3 كە ۋەكىللىك قىلىش»نىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىپ، «3 كە ۋەكىللىك قىلىش»نىڭ روھىنى ياخشى ئىگىلەپ، «3 كە ۋەكىللىك قىلىش»نىڭ تەلىپىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە گەۋدىلەندۈرۈپ، خىزمەت ئىستىلىنى يەنىمۇ ياخشىلىشى؛ كارخانا، ئاساسىي قاتلام، ئاما ئۈچۈن ياخشى مۇلازىمەت قىلىش؛ راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇش، ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىش، راست گەپ قىلىش، ئەمەلىي ئىشلەش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، خىزمەتتىكى شەكىلۋازلىقنى تۈگىتىپ، جاپالىق ئىشلەش خىزمەت ئىستىلىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇش كېرەك. پارتىيە ئىستىلى ـ پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە ۋە چىرىكلىككە قارشى كۈرەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي مەقسەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، سىگنالنى ئۇزاقنى چە ياڭرىتىپ، پاك ـ ئىنتىزامچان بولۇش ئېڭىنى تىرىشىپ كۈچەيتىش؛ نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

بەشىنچى، پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامغا، ئاما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، خەلق ئەھۋالىنى ئىگىلەپ، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولۇۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ياخشى ھەل قىلىش؛ ئاممىنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى ئەستايىدىل ياخشى بىر تەرەپ قىلىش؛ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىغا ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلۈپ، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىپ، ئامما ئىنكاس قىلغان قىزىق نۇقتا ۋە مۇقىملىققا يات ئامىللارنى تەكشۈرۈپ، ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان بىر تەرەپ قىلىش لايىھىسىنى تۈزۈپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، مەسىلىنى شۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا ھەل قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

بىز ئىدىيىمىزنى ئازاد قىلىپ، قارىشىمىزنى ئۆز-

كەرتىپ، دادىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، يول ئېچىپ
يېڭىلىق يارىتىپ خىزمەتلەرنى پائال ۋە تەشەببۇسكارلىق
بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تىرىشىپ
يۈكسەلدۈرۈپ، خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش سە-
ۋىيىسىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشىمىز؛ 10 ـ بەش يىل-
لىق پىلان مەزگىلىدە مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش،
ئەلالىرى ۋە كۈچلۈكلىرىنى يۆلەش پرىنسىپى بويىچە
ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىش شەك-
لىنى ئۆزگەرتىشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنى
پەن تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش، سې-
جىل تەرەققىي قىلىش ۋە بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتى-
سادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى
قەتئىي تەۋرەنمەي يولغا قويۇشىمىز؛ بازارنى يېتەكچى
قىلىپ، ئىقتىسادىي ھەرىكەتنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى
ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى زور كۈچ بىلەن
تەڭشىشىمىز ۋە سەرخىللاشتۇرۇشىمىز؛ ئۇل مۇئەسسە
قۇرۇلۇشنى تېزلىتىپ، ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشنى كۈچەيـ
تىپ، مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، تى-
رىشىپ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىپ، خەلق ئى-
گىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە سىرتقا ئېچىۋېتىشتە
بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىكى، نې-
فىت، نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى، ساياھەتچىلىك ۋە قې-
زىلما بايلىقلارنى ئېچىشتىن ئىبارەت 4 چوڭ كەسىپنى
تېز شەكىللەندۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىملىقى،
تەرەققىياتى ۋە غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشقا
پۇختا ئاساس سېلىشىمىز كېرەك.

نۆۋەتتە، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 10 ـ بەش
يىللىق پىلان پروگراممىسى تۈزۈلۈپ، غەربىي رايوننى
كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇ-
لۇشى بىزگە تېپىلغۇسىز تارىخىي پۇرسەت ئېلىپ كەل-
دى. پۇرسەتنى تۇتۇپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىش بىزنىڭ
مەركىزىي خىزمىتىمىز. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ غەربىي
رايوندا تۇتقان ئورنى مۇھىم، بايلىقى مول، تەرەققىيات-
نىڭ يوشۇرۇن كۈچى زور. تارىم نېفىتلىكى نېفىت
بىرلەشمە جېڭىنىڭ باش جەڭ مەيدانى، بولۇپمۇ غەربىي
رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنىڭ نامايەندىلىك باشلانما
قۇرۇلۇشى بولغان غەربنىڭ گازىنى شەرققە يەتكۈزۈش ۋە
تارىم دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ئۈنۈملۈك ساقلاش
تۈزەش قاتارلىق قاتناش، سۇچىلىق، ئېكولوگىيە، ئۇل
مۇئەسسەسە قاتارلىق تۈرلەرنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن باشلى-
نىشى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىملىقىنىڭ پۈ-
تۈن غەربىي رايون ھەتتا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەرەققى-
ياتى ۋە مۇقىملىقىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى يەنىمۇ
ئاشتى. ھەر مىللەت كادىرلىرى شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى-
نى قوغداش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان ئىدىيىۋى
تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ
مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، بىر قولدا ئىق-
تىسادىي قۇرۇلۇشنى تۇتۇپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىپ،
خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىشى، بىر قولدا
مۇقىملىقنى تۇتۇپ، ئىقتىسادنى تىنچ، ئىتتىپاق بولغان
ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن تەمىنلىشى؛ مۇقىملىقنى
قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ ئۇ-
زاق مۇددەتلىك، مۇرەككەپ ۋە جاپالىق سىياسىي ۋەزىپە
ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇشى؛ ھەر دەرىجىلىك كادىرلار
ئىدىيىدە باشتىن ئاخىر سەگەك بولۇپ قىلچە بىخودلۇق
قىلماسلىقى، دائىم ھوشيار تۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىككە قار-
شى كۈرەش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، مۇقىملىقنى قوغداش ۋە
بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى
يۈكسەك مەسئۇلىيەت، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ۋە تە-
شەببۇسكارلىق بىلەن ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

(ئاپتور باينغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر: سەمەت دۇگايلى

# ************
# *بۇ رەھبەرلەر نېمە ئۈچۈن*
# *                *
# * قانۇن ئۆگەنمەيدۇ؟ *
# ************

يېقىندا، ئاخبارات ۋاسىتىلىرى «قانۇن بىلمەيدىغان» ئىككى شۇجىنى ئاشكارىلىدى: بۇنىڭ بىرى خېنەن ئۆلكىسى پىڭدىڭشەن شەھەرلىك سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ سابىق شۇجىسى لى چاڭخې، يەنە بىرى خېنەن ئۆلكىسى شىنشياڭ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ سابىق شۇجىسى جوۋيۇۋېن.

گېزىت خەۋىرىگە قارىغاندا، بۇلتۇر 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن 17 ـ كۈنىگىچە، سوت مەھكىمىسى خېنەن ئۆلكىسى پىڭدىڭشەن شەھەرلىك سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى چاڭخېنىڭ قاتىل ياللاپ، ئادەم ئۆلتۇرۇش دېلوسىنى ئوچۇق سوت قىلغان. سوتتا لى × × تىن ئەدلىيە ئورگانلىرىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۆزىنىڭ دۈشمىنى لۇ × × نى تۇتقۇزغانلىقى توغرىسىدا سوئال سورالغاندا، لى چاڭخې چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «مەن قانۇن بىلمەيمەن، تەپتىش مەھكىمىسى بىلەن سوت مەھكىمىسىدىكىلەردىن ئارتۇقچە بولسىمۇ سوراپ باقاي، قىلمىشىم جىنايەتكە توشامدىكەن؟ جىنايەتكە توشسا تۇتتۇڭلار، جىنايەتكە توشمىسا قويۇۋېتىڭلار. نېمىنىڭ جىنايەت، نېمىنىڭ جىنايەت ئەمەسلىكىنى مەن نەدىن بىلەي؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە قانۇن دېگەندىن خەۋىرىم بولمىسا». يەنە بىر خەۋەرگە قارىغاندا، 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى سوت ئورگىنى پارا ئېلىشقا چېتىشلىق بولغان شىنشياڭ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ سابىق شۇجىسى جوۋيۇۋېن ئۈستىدىن سوت ئېچىپ قاراپ چىققاندا، باش سوتچى جوۋيۇۋېننى ئۆزىنىڭ جىنايىتىنى ئاقلاشقا بۇيرىغان. بىراق، ئۇ: «مېنىڭ قانۇندىن خەۋىرىم يوق، ئادۋوكاتىم ئاقلىسۇن» دەپ جاۋاب بەرگەن.

قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان لى چاڭخې بىلەن شەھەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى جوۋيۇۋېنلار قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇللىرى. بىراق، بۇلار قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى تۇتقان بىلەن ئۆزلىرى قانۇندىن خەۋەرسىز قالغان. ئاخىرىدا «قانۇندىن خەۋەرسىز» بولغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىگە تاشلانغان. قانۇن بىلمەيدىغان بۇ ئىككى شۇجىنىڭ تىپىك دېلوسى «قانۇن بىلمەيدىغان» رەھبىرىي كادىرلارغا نىسبەتەن بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش.

رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدە لى چاڭخې، جوۋيۇۋېنغا ئوخشاش قانۇن بىلمەيدىغانلار ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدە قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قارىشى ئاجىز بولۇپ، مەن دېگەن رەھبىرىي كادىر، ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭ ھوقۇق قولۇمدا، قانۇن بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئىشلاردا مېنىڭ دېگىنىم ھېساب. قانۇن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلارمۇ مېنىڭ پىكرىم بويىچە قىلىنىشى كېرەك، قانۇنغا چېتىلىدىغان ئوششاق ئىشلارنى ئەدلىيە ئورگانلىرى ئۆزى بىر تەرەپ قىلسا بولىدۇ، دەپ قارىشىدۇ. مۇشۇنداق قاراشتا بولغاچقا، ئۆزلىرىچە قانۇن ئۆگەنمىسەكمۇ بولىدۇ، قانۇننى بىلىشنىڭمۇ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. «چوڭ يۆنىلىش» نى ياخشى باشقۇرۇپ بەرسەكلا بولىدىغۇ، دەپ قارايدۇ. مانا مۇشۇنداق خاتا ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن مۇشۇنداق رەھبىرىي كادىرلار ئېغىزىدا «قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش مۇھىم» دەپ تەشۋىق قىلىسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ قانۇن ئۆگىنىشكە سەل قارايدۇ، باشقىلارنىڭ قانۇن ئۆگىنىشىنى تەكىتلەپ، ئۆزلىرى «خىزمەت ئالدىراش» دېگەننى باھانە قىلىپ قانۇن ئۆگەنمەيدۇ، قانۇن توغرىسىدىكى لېكسىيەلەردە ئۇلارنى كۆرگىلى بولمايدۇ، قانۇن بىلىملىرى ئىمتىھانلىرىدا ئۇلار قول تەۋرەتمەيدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇلار يىغىن دېگىمىزغا «چۆكۈپ كېتىپ»، زىياپەتلەردە يەپ ـ ئىچىپ، مۇراسىملاردا لېنتا كېسىش، ھۆكۈمەت پۇلىغا ساياھەت قىلىش بىلەن ئالدىراش يۈرۈيدۇ. ئۇزۇن مۇددەت مۇشۇنداق بولۇۋەرسە، قانۇنلاردىن قانداقمۇ خەۋىرى بولسۇن؟ قانۇننى بىلمەي تۇرۇپ، قانۇنغا رىئايە قىلىش، قانۇننى ئىجرا قىلىشتىن قانداقمۇ سۆز ئاچالىسۇن؟

قانۇن ئۆگەنمەيدىغانلار، ھامان بىر كۈنى بۇنىڭ دەردىنى تارتىپ قالىدۇ. بۇ «قانۇندىن خەۋىرى يوق» شۇجىنىڭ دېلوسى بىزگە بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇش. ھازىر، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئومۇمىي پىلانى دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا كىرگۈزۈلدى. ئېلىمىزنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ساغلام تەرەققىي قىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. شۇڭا، «قانۇن بىلمەيدىغان» رەھبىرىي كادىرلار قانۇن ئۆگىنىشكە كۆپرەك ۋاقىت ئاجرىتىپ، «قانۇن بىلمەيدىغانلار»نىڭ قاتارىدىن ئاگلىق ھالدا چىقىپ كېتىشى كېرەك. بۇ ئۆزىگە، ئائىلىسىگە، دۆلەتكە پايدىلىق.

(**«خەلق گېزىتى»**نىڭ **2001** ـ يىل **1** ـ ئاينىڭ **31** ـ كۈنىدىكى سانىدىن **ئابدۇۋەلى مامۇت** تەرجىمىسى)

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم

# بۇ دېلودا سوت مەھكىمىسى تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالامدۇ؟

**يولداش مۇھەررىر:**

*× ×نىڭ دېلوسىدا، بىرىنچى سوتتا قاراپ چىققۇچى خەلق سوت مەھكىمىسى جاۋابكارغا جىنايەت بېكىتىپ ھۆكۈم چىقارغاندىن كېيىن، جاۋابكار قايىل بولماي نارازىلىق ئەرزى بەرگەن. ئىككىنچى سوتتا قاراپ چىققۇچى خەلق سوت مەھكىمىسى دېلونى بىرىنچى سوتتا قاراپ چىققان سوت مەھكىمىسىنىڭ قايتا سوت قىلىشىغا قايتۇرغان. قايتا قاراپ چىقىشقا قايتۇرۇلغان مەزگىلدە، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئەيىبلەشنى قايتۇرۇۋالغان، بۇنىڭ بىلەن جاۋابكار دۆلەتنىڭ تۆلەم بېرىشىنى تەلەپ قىلغان. بۇنداق ئەھۋالدا، بىرىنچى سوتتا قاراپ چىققان خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تۆلەم جاۋابكارلىقىنىڭ بار ـ يوقلۇقىدا ئىختىلاپ كۆرۈلگەن. بەزىلەر، بىرىنچى سوتتا قاراپ چىققۇچى خەلق سوت مەھكىمىسى جاۋابكارغا جىنايەت بېكىتىپ ھۆكۈم چىقارغان، شۇڭا، تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك دەپ قارىغان. يەنە بەزىلەر، بىرىنچى سوتتا قاراپ چىققۇچى خەلق سوت مەھكىمىسى گەرچە جاۋابكارغا جىنايەت بېكىتىپ ھۆكۈم چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن جاۋابكارنىڭ نارازىلىق ئەرز بېرىشى سەۋەبىدىن بىرىنچى سوتتا قاراپ چىققۇچى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمى كۈچكە ئىگە بولۇپ ئىجرا قىلىنمىدى. شۇڭا، بىرىنچى سوتتا قاراپ چىققۇچى خەلق سوت مەھكىمىسى تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالماسلىقى كېرەك، دەپ قارىغان. بۇ ئىككى خىل قاراشنىڭ قايسىسى توغرا؟*

**قەشقەردىن: قاسىمجان ھوشۇر**

**يولداش قاسىمجان ھوشۇر:**

دۆلەت تۆلەم قانۇنىنىڭ 19 ـ ماددا 4 ـ تارمىقىدا، ئىككىنچى سوتتا قاراپ چىققۇچى خەلق سوت مەھكىمىسى جاۋابكارنى گۇناھسىز دەپ ھۆكۈم چىقارغان بولسا، بىرىنچى سوت ھۆكۈمىنى چىقارغان خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئورتاق تۆلەم جاۋابكارلىقى بار ئورگان بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، بىرىنچى سوتتا قاراپ چىققۇچى خەلق سوت مەھكىمىسى چىقارغان جىنايەتلىك ھۆكۈم گەرچە قانۇن كۈچىگە ئىگە بولمىغان بولسىمۇ، بىراق مۇشۇ ھۆكۈم سەۋەبىدىن جىنايەت گۇماندارىنىڭ قاماقتا ياتقان ۋاقتى ئۇزارغان. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ھوقۇق دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ھەرىكىتىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئېتىراپ قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تۆلەم مەسىلىلىرىگە دائىر 1998 ـ يىلىدىكى 5 ـ نومۇرلۇق تەستىقى ۋە 1999 ـ يىلىدىكى 13 ـ نومۇرلۇق تەستىقىدىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ قارىشىمىزچە بىرىنچى سوتتا قاراپ چىققۇچى سوت مەھكىمىسى جاۋابكارنىڭ جىنايىتى بار دەپ ھۆكۈم چىقارغان. جاۋابكار نارازىلىق ئەرز بەرگەن، ئىككىنچى سوتتا قاراپ چىققۇچى سوت مەھكىمىسى بىرىنچى سوتنىڭ قايتا قاراپ چىقىشىغا قايتۇرغاندىن كېيىن تەپتىش ئورگىنى ئەيىبلەشنى قايتۇرۇۋالغان بولسا، بىرىنچى سوتتا قاراپ چىققۇچى خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە جىنايىتى بار دەپ ئەيىبلىگەن خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئورتاق تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

**ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىچكى ئىشلار ـ ئەدلىيە كومىتېتىدىن:**

**ئەركىن روزى**

## مېنىڭ نارازىلىق ئەرزىم كۆچكە ئىگە بولامدۇ؟

**يولداش مۇھەررىر:**

مەن × ×ئۇستىدىن ×ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىگە ھەق تەلەپ دەۋاسى قىلغان ئىدىم. بىرىنچى سوت ھەق تەلەپ ھۆكۈمىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، مەن قانۇندا بەلگىلەنگەن سورۇك ئىچىدە بىرىنچى سوتتا قاراپ چىققۇچى سوت مەھكىمىسى ئارقىلىق ئىككىنچى سوتتا قاراپ چىققۇچى خەلق سوت مەھكىمىسىگە نارازىلىق ئەرزى بەردىم ھەمدە دەۋا ھەققىنىمۇ قوشۇپ تاپشۇرۇۋەتتىم. ئەرزىم ئىككىنچى سوتتا قاراپ چىققۇچى خەلق سوت مەھكىمىسىگە تاپشۇرۇلۇش ۋاقتىدا، بىرىنچى سوتتا قاراپ چىققان خەلق سوت مەھكىمىسى ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولمىغان ھۆكۈمىدىكى تەرەپلەر ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك دەۋا ھەققىنىڭ تولۇقلاپ تاپشۇرىدىغان قىسمى دەپ نارازىلىق ئەرز ئۈچۈن تاپشۇرغان دەۋا ھەققىنى تۇتۇپ قېلىپ، ئىككىنچى سوتتا قاراپ چىققۇچى خەلق سوت مەھكىمىسىگە بەرمەيتۇ ھەمدە مېنى نارازىلىق ئەرز ئۈچۈن دەۋا ھەققى تاپشۇرمىدى، دەيتۇ. ئۇنداقتا مېنىڭ نارازىلىق ئەرزىم قانۇندا بەلگىلەنگەن سورۇك ئىچىدە كۆچكە ئىگە بولامدۇ؟

**ئۈرۈمچىدىن: جالالىدىن**

**يولداش جالالىدىن:**

بىرىنچى سوتتا قاراپ چىققۇچى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ ھەق تەلەپ ھۆكۈمى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، قانۇندا بەلگىلەنگەن سورۇك ئىچىدە نارازىلىق ئەرزى بېرىشىڭىز قانۇنغا ئۇيغۇن. نارازىلىق ئەرزى بېرىش، قانۇن سىزگە ئاتا قىلغان بىر تۈرلۈك دەۋا ھوقۇقى. خېتىڭىزدە دېيىلگەن بىرىنچى سوت ھۆكۈمى سىز نارازىلىق ئەرزى بەرگەندىن كېيىن كۈچتىن قالىدۇ ھەمدە بىرىنچى سوتنىڭ دەۋا ھەققىنى ئۈستىگە ئېلىش قارارلىرىمۇ كۈچكە ئىگە بولمايدۇ، ئۇ پەقەت ئىككىنچى سوتتا قاراپ چىققۇچى سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمى چىققاندىن كېيىن ئاندىن بېكىتىلىدۇ. بىرىنچى سوتتا قاراپ چىققان سوت مەھكىمىسى سىز نارازىلىق ئەرزى ئۈچۈن تاپشۇرغان دەۋا ھەققىنى بىرىنچى سوتنىڭ قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولمىغان ھۆكۈمىدىكى تەرەپلەر ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك دەۋا ھەققى قىلىپ تۇتۇپ قېلىپ، نارازىلىق ئەرز ئۈچۈن يەنە تولۇقلاپ دەۋا ھەققى تاپشۇرمىدى، دەپ سىزنى دەۋا ھوقۇقىڭىزدىن مەھرۇم قىلسا خاتا بولىدۇ. سىز پەقەت «خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ دەۋا ھەققى ئېلىش چارىسى»نىڭ 13 ـ ماددا 2 ـ تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلمىغان بولسىڭىزلا، سىزنىڭ نارازىلىق ئەرزىڭىز كۈچكە ئىگە بولۇۋېرىدۇ.

**ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىچكى ئىشلار ـ ئەدلىيە كومىتېتىدىن:**

**ئەركىن روزى**

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم

# دامكۇ يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى نازارەتچىلىك خىزمىتىدە ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى

چىرا ناھىيىسى دامكۇ يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى ئۆتكەن بىر يىلدا ئۆزىنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيە رەھبەرلىكىدە باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۈنىمگە تايىنىپ، ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ ۋە پىكىر، تەۋسىيەلەرنىڭ بېجىرىلىشىگە نازارەتچىلىك قىلىشتا ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، دېھقانلارنىڭ تۇرلۇك سېلىقىنى يېنىكلىتىپ، ئەرزىيەت خىزمىتىدە ئاممىنى رازى قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. مەسىلەن: ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر ـ تەكلىپلەردىن پاكىز سۇ ئىچىش شارائىتى يوق ئائىلىلەرگە تۇرۇبا سۇيى يەتكۈزۈپ بېرىش، توك سىمى تارتىلمىغان ئائىلىلەرگە توك سىمى تارتىپ بېرىش، ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېزىدىن بېرىدىغان قوشۇمچە مائاشىنى ھەل قىلىپ بېرىش، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تاماقلىنىش ۋە ئىسسىنىش شارائىتىنى ياخشىلاپ بېرىش قاتارلىق پىكىر ـ تەكلىپلەر ھەل قىلىندى، 2000 ـ يىلى يېزىلىق ھۆكۈمەت 20 مىڭ 800 يۈەن مەبلەغ توپلاپ، 70 ئائىلە ۋە 3530 تۇياق چارۋىنىڭ پاكىز تۇرۇبا سۇيى ئىچىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

بۇ يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى خىزمەت نازارەتچىلىكىنى يولغا قويۇشتا، يېزىلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ 1999 ـ يىللىق مەجبۇرىيەت ئەمگىكىدە ئەمگەكچى ئىشلىتىش پىلانىنىڭ ئورۇنلىنىشى ھەم 2000 ـ يىللىق مەجبۇرىيەت ئەمگىكىگە ئەمەكچى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ۋە يېزىلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ 2000 ـ يىللىق ئىقتىسادىي توختام پىلان كۆرسەتكۈچى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش جەريانىدا يېزىنىڭ 2000 ـ يىللىق سۇ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا كېتىدىغان مەجبۇرىيەت ئەمگەك كۈچىنى 1999 ـ يىلدىكىدىن ئازايتىش، كادىرلار ئىش ھەققى ۋە كوللېكتىپ كىرىم پىلانىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئارتۇق ئورۇنلاشتۇرۇلغان 160 مىڭ 853 يۈەننى كېمەيتىشنى قارار قىلدى ۋە شۇ بويىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە نازارەتچىلىك قىلدى، بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ بۇ ئىككى تۈردىلا ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك سېلىقى زور دەرىجىدە يېنىكلىتىلدى.

ئۆتكەن يىلى ئاممىدىن قوبۇل قىلىنغان ئەرزگە ئاساسەن، خ ق ھەيئەت رىياسەتى بۇ يېزىنىڭ زىندانكۆل كەنتىنىڭ 1997 ـ ، 1998 ـ يىللىرى ياختا سۇغۇرتا تۆلەم پۇلىدىن 36 مىڭ 24 يۈەن پۇلنىڭ ئەزالارغا قايتۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، بۇ پۇلنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغان ياختا تۆلىمى ئۈچۈن دېھقانلارغا قايتۇرۇلماي، كوللېكتىپ سېتىۋالغان دورا پۇلى، ياختا ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى ئورۇنلىيالمىغانلىقى ئۈچۈن توختام بويىچە تۆلەيدىغان جەرىمانە پۇلى، خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلگەنلەرنىڭ تاماق پۇلى، كەنتتە قۇرۇق ئوت ـ چۆپ توغراش ئۈچۈن ئىشلەتكەن تراكتور ھەققى قاتارلىقلار ئۈچۈن چىقىم قىلىۋېتىلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى. يەنە بۇ يېزىنىڭ مەلۇم كەنتىدىكى بىر ئىشلەپچىقىرىش ئەترەت بوغالتىرىنىڭ دېھقانلاردىن يىغقان دېھقانچىلىق سەرپىيات پۇلىدىن 1000 يۈەننى شەخسىي ئىشلىتىۋالغانلىق مەسىلىسى، 4 كەنتنىڭ 2 يىل ئىچىدە 338 مو ئېگىز يېرىنى دېھقانلارغا ھەر خىل سەي ـ كۆكتات تېرىش ئۈچۈن 32 مىڭ 246 يۈەنگە ھۆددىگە بېرىپ، بۇنىڭدىن دېھقانلارغا قايتۇرۇشقا تېگىشلىك 18 مىڭ 756 يۈەن پۇلنىڭ قايتۇرۇلمىغانلىق مەسىلىسى، كەنتنىڭ ئۆي ۋە چارۋىلىرىنى سېتىش جەريانىدا 13 مىڭ 500 يۈەن، كەنت كوللېكتىپىنىڭ 1153 تۈپ دەل ـ دەرىخىنى سېتىش جەريانىدا 2500 يۈەن، كەنتنىڭ ئورمان بەلۋىغىدىكى ئۆرۈكلىرىنى دېھقانلارغا 4 يىللىق ھۆددىگە بېرىش جەريانىدا 5980 يۈەن پۇلنىڭ نەقلەشمىگەنلىكىدەك مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقىپ، تەكشۈرۈش دوكلاتى تەييارلاپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ جىددىي بىر تەرەپ قىلىشى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەت خ ق ھەيئەت رىياسەتىنىڭ بۇ مەسىلىلەرنى جىددىي بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، كۆچ تەشكىللەپ، بۇ كەنتلەرنىڭ مالىيە ھېساباتىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى ئىشلىدى، بۇنىڭدىن ئامما رازى بولدى.

**مەتقۇربان ھوشۇر**

## يېڭىشەھەر ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى نازارەتچىلىك سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، نازارەتچىلىك ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى

دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ناھىيىنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى قانۇن ـ نىزاملارنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا بولغان نازارەتچىلىكنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ناھىيىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقىدىكى زور مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ ۋە قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈپ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ خىزمەتلىرىگە پائال ماسلىشىپ، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ خىزمەتلىرىنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇشىنى قوللىدى ۋە ھەيدەكچىلىك قىلدى. بىر يىلدىن بۇيان ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى 6 قېتىم سانلىق يىغىن ئېچىپ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىنىڭ 10 تۈرلۈك دوكلاتىنى ئاڭلاپ ۋە قاراپ چىقتى، ئىككى قېتىم قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ۋە ئىككى قېتىم ھەر دەرىجىلىك ۋەكىللەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللەپ، نۇقتىلىق ھالدا دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش، سۇ قانۇنى، كەنت ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش نىزامى، ساقچى قانۇنى، پروكراتورلار قانۇنى، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات قانۇنى، باج قانۇنى قاتارلىق قانۇن ـ نىزاملارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەمدە قاراپ چىقىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھۆكۈمەت ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تۈزىتىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلدى. قانۇن بويىچە دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاشنى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى سۈپىتىدە تۇتۇپ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ قوللاپ مەدەت بېرىشى بىلەن 3 قېتىم تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى 15 يېزا ـ بازار، 183 تەبىئىي كەنت، 209 دىن كۆپرەك دېھقان ئائىلىسىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، نۇقتىلىق تەكشۈردى. ئۆتكەن يىل ناھىيە بويىچە دېھقانلارنىڭ سېلىقىغا مۇناسىۋەتلىك تۈرلەردىن 46 تۈر ئېنىقلىنىپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. دېھقانلارنىڭ 36 مىليون 750 مىڭ يۈەن سېلىقى يېنىكلىتىلدى. كىشى بېشىغا 147 يۈەندىن سېلىق كېمىيىپ دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى يەنە دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى كېمەيتىپ، كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا توسالغۇ بولۇۋاتقان ئايرىم يېزا ـ بازارلارنىڭ سۇ پۇلىنى ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇپ يىغىۋېلىش، يېزا ـ بازار ئورگان مالىيىسى بىلەن مۇلازىمەت پونكىت مالىيىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش، كەنتلەردىكى تاۋار يەر بىلەن يېڭىدىن ئېچىلغان يەرلەرنىڭ سۇ پۇلىنى دېھقانلارنىڭ ھۆددە يېرىگە تۇتاشتۇرۇش، چارۋا مۇداپىئە ھەققى، ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش ھەققىنى ئۆلچەمسىز ئېلىش ۋە يېزا ـ بازارلارنىڭ ئۈچ بۇرجەك قەرزى كۆپىيىپ كېتىش قاتارلىق سەل قاراشقا بولمايدىغان مەسىلىلەرنىڭ ساقلانغانلىقىنى بايقاپ، پارتىيە، خەلق ئالدىدا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش روھى بىلەن 14 ـ ، 17 ـ قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى يولغا قويۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ ۋە قاراپ چىقىپ، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ۋە كۈچەيتىش ھەققىدە پىكىر، تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خىزمەتلەردە ساقلانغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش ۋە ھەل قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى.

باتۇر تۇردى

## ئاقسۇپى يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ۋەكىللەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى

لوپنور ناھىيىسىنىڭ ئاقسۇپى يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئۆزىنىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە باشقا قانۇن ـ نىزاملار ئاتا قىلغان ھوقۇق مەجبۇرىيىتىنى ئەستايىدىل ئورۇنلاپ، يېزىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ ماس

قەدەمدە ئىلگىرى سۈرۈلۈشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى.

بۇ يېزىدىكى 13 سايلام رايونىدىن ۋەكىللىككە سايلانغان 40 نەپەر ئۈچ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا قولايلىق بولۇش شەرتى ئاساسىدا 6 كىچىك ۋەكىللەر گورۇپپىسىغا بۆلۈنگەن. ھەيئەت رىياسەتى ئۆزىنىڭ خىزمەت تۈزۈمى، ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىش تۈزۈمى، ۋەكىللەر گورۇپپىسى بىلەن ئالاقىلىشىش چارىسى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سايلىغۇچىلار بىلەن ئالاقىلىشىش ئۇسۇلى، رەئىسنىڭ مەجبۇرىيىتى ... قاتارلىق قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ خەلق ئارىسىدىكى نوپۇزىنى ئۆستۈردى. قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىپ، پەسىلدە بىر قېتىم يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرلۈك خىزمەت دوكلاتلىرىنى ئاڭلاشنى دائىملاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشى ئۈچۈن ياخشى تەكلىپ پىكىرلەرنى بەردى. 25 قېتىم ۋەكىللەر كىچىك گورۇپپىلىرىنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، كەنتلەردىكى ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى. بۇلتۇر 10 ـ ئايدا جىگدە باغ كەنتى تۆت مىڭ يۈەنگە ھۆددىگە بەرمەكچى بولغان كۆۋرۈك سېلىش، ئۆتۈشمە كۆۋرۈك سېلىش قۇرۇلۇشىدا، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ ئۆز كۈچىگە تايىنىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەنتنىڭ ئۈچ مىڭ يۈەن چىقىمىنى تېجەپ قالدى. دېھقان موسا ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي مۇئامىلىسى توغرىسىدا يۇقىرىغا بىرقانچە يىل ئەھۋال ئېيتقان بولسىمۇ ھەل بولمىغان ئىدى. خ ق ھەيئەت رىياسەتى بۇ دېھقانىنىڭ ھال ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئاڭلاپ، تەكشۈرۈپ كۆرۈپ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە بۇ مەسىلىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، موسانىڭ غەم ئەندىشىسىنى تۈگەتتى. ئاقسۇپى يېزىلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى ۋەكىللەرنىڭ باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرغانلىقتىن، بۇ يېزىدىكى دېھقان ۋەكىللەر دۆلەتكە باج تاپشۇرۇش، سۇ پۇلىنى تۆلەش، كەنت جوغلانمىلىرىنى تۆلەش، مەدەنىيەتلىك ئائىلە بەرپا قىلىش جەھەتلەردە ئاممىغا باشلامچى بولدى.

ئوسمان تايىپ

## شىنغا بازىرىدىكى ئۈچ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئەتىيازلىق ئىشلەپچىقىرىش تەييارلىقىنى تەكشۈردى

ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نازارەتچىلىك ئىزامىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، لوپنۇر ناھىيە شىنغا بازارلىق خ ق ھەيئەت رىياسەتى يېقىندا بازار تەۋەسىدىكى ئوبلاست، ناھىيە، يېزا ئۈچ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ بازارغا قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ئەتىيازلىق ئىشلەپچىقىرىش تەييارلىق ئەھۋالىنى تەكشۈردى. تەكشۈرۈشكە ئۈچ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن 13 ۋەكىل قاتنىشىپ پىيادە ئالتە كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپ ئېتىز ـ مەيدانلار، زېمىنلىكلەرنى ئارىلاپ تەكشۈرۈپ 2001 ـ يىللىق ئەتىيازلىق ئىشلەپچىقىرىش تەييارلىقىنىڭ ياخشى ئىشلەنگەنلىكىنى، بۇغداي تېرىش ۋەزىپىسىنىڭ ياخشى ئورۇنلانغانلىقىنى، ئاز بىر قىسىم ئەزالارنىڭ تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغىنىڭ كەمچىل بولۇۋاتقانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. شۇنىڭدەك ئىلگىرى چېپىلغان 11 كىلومېتىردىن ئارتۇق زېمىنلىكنىڭ ھازىر تىنىپ كەتكەنلىكىنى، ئېتىزلاردا يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئۆرلەپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ دەرھال جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ مەبلەغ ھەل قىلىپ، بۇ زېمىنلىكنى راۋانلاشتۇرۇشنى تەۋسىيە قىلدى. ۋەكىللەر لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ شىنغا رايونىنى ئېچىش رايونى قىلىپ بېكىتىپ، سانائەتنى مەركەز قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتقانلىقىدىن مەمنۇن بولدى.

ئوسمان تايىپ

مەسئۇل مۇھەررىر: سىراجىدىن ئىسمايىل

# ئۇيغۇر ئالىم جيان بوزەننىڭ ئۇۋال دېلوسىنىڭ ئاقلىنىشى

جاڭ چۇەنشېر

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن تارىخ فاكۇلتېتى بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە يىغىن ئېچىپ، ئەسلىدىكى جيەن بوزەن مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىنىڭ تارقىتىۋېتىلىپ، يېڭى گۇرۇپپا قۇرۇلغانلىقىنى ئۇقتۇردى. سائەت 5 تە، شۇ شجيەن ئۆيۈمگە كېلىپ، كەچ سائەت 7.30 دا جاڭ جىلىيەننىڭ ئۆيىدە ئېچىلىدىغان يېڭى گۇرۇپپا يىغىنىغا قاتنىششىمنى ئۇقتۇردى. شۇ شجيەن يىغىنغا بىر يېڭى ۋەزىپە ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇ بولسىمۇ دەرھال مەكتەپ پارتكومى ئورنىدا ئىككى پارچە ھۆججەت تەييارلاش، يەنى، بىرى «جيەن بوزەننى تەكشۈرۈش يەكۈنى»، يەنە بىرى «جيەن بوزەن مەسىلىسىنى قايتا تەكشۈرۈش دوكلاتى» بولۇپ، يەكۈننى ئاددىي، چۈشىنىشلىك قىلىپ يېزىش، «قايتا تەكشۈرۈش دوكلاتى»دا ئالاقىدار مۇھىم مەسىلىلەرنى كونكرېت چۈشەندۈرۈش تەلەپ قىلىندى. كۆپچىلىك بىردەك مېنى يېزىپ چىقىشقا كۆرسەتتى.

مېنىڭ سالاھىيىتىم تۆۋەن ئۆزگەرگەچكە شۇ شجيەن بۇنى ئالاھىدە تەستىقلىدى ھەمدە «جيەن بوزەن ئارخىپى»نى تولۇق ئوقۇپ بەردى. بۇ ئارخىپنىڭ مەزمۇنى كۆپ ئەمەس ئىدى. ئاساسلىق «پولاتتەك چىڭ» ماتېرىيالدىن ئۈچى بار ئىدى: 1. گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيىنىڭ «نەنجىڭ سۆھبىتى» توغرىسىدا جيەن بوزەن ئۆزى يازغان ۋە چېن شياۋسېن، زوگۇڭ، جاڭ چى قاتارلىق ئالاقىدار كىشىلەر يازغان ئاتالمىش «تاپشۇرۇش» ماتېرىيالى، بۇنى سىرتتىكىلەر بىلمەيتتى. 2. «ئۇگچىلار»نىڭ ماتېرىياللىرى؛ 3. «جياڭ جيېشىنى كۆككە كۆتۈرگەن» ماتېرىياللار. كېيىنكى ئىككى ماتېرىيال بىردەك جيەن بوزەن يازغان «تارىخىي پەلسەپە دەرسلىكى» ۋە بىرنەچچە كېزىت ماقالىسىدىن ئېلىنغان بولۇپ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا تارىخ فاكۇلتېتىدىكى ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بىلىدىغان، بىراق كونا مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى ئۇ يەر، بۇ يەردىن ئۈزۈپ ئېلىپ، تاشنى تاياقتا تېگىپ، بۇرمىلاپ، رەڭۋازلىق، كۆز بويامچىلىقنىڭ ئاساسى قىلىۋالغان ئىشلار ئىدى.

4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەن ئىككى ھۆججەتنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى پۈتتۈردۈم. كەچتە، مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى بۇنى بىردەك ماقۇللىدى. 28 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن جۇلىننىڭ رىياسەتچىلىكىدە مەكتەپ پارتكومى يىغىنى ئېچىلدى. گاۋ تيې، ۋېي مىڭ، خاۋ كېمىڭ (مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇن مەكتەپ سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولغان)، شۇ شجيەنلەر يىغىنغا قاتناشتى. مەن سىرتتىن قاتنىشىپ «يولداش جيەن بوزەننىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى قارار» (يەنى تەكشۈرۈش يەكۈنى)نىڭ لايىھەسىنى ئوقۇپ ئۆتتۈم، يىغىنغا قاتناشقانلار قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى ۋە بەزى تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بەردى. جۇلىن «مۇشۇنىڭ بىلەن پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلىرى يىغىنىدا ئاساسەن ماقۇللاندى، ئايرىم سۆز ـ جۈملىلەر ۋە ئاتالمىلارنى يەنە بىر تۈزىتىپ بولغىنىدەك» دېدى ھەمدە «قايتا تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئىشلىمىسەكمۇ بولىدۇ» دەپ ئۇتتۇرىغا قويدى.

5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، مەن مەكتەپ پارتكومى يىغىنىدا «تەكشۈرۈش يەكۈنى»نىڭ تۈزىتىلگەن

نۇسخىسىنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ بەردىم، كېيىن شۇ-
شجيەن مېنىڭ بۇرۇن يازغان «قايتا تەكشۈرۈش دوكلا-
تى»نى يەنىمۇ تۈزىتىشىمنى، ئاندىن «جيەن بوزەن ئەر ـ
خوتۇنلارنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر
بولۇش جەريانى»نى يېزىشىمنى ئېيتتى. بۇ ئىككى ماتې-
رىيال 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پارتكومغا يوللاندى.

## خۇياۋبالڭ ياردەملىشىپ «ئەرز سۇندى»، دېلڭ شياۋ پىلڭ ئاقلاش توغرىلىق تەستىق سالدى

چولڭ خەتلىك گېزىتنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۇ-
چۈن، مەن شىيى ئوتتۇرا مەكتىپىدىن ياردەم تەلەپ قى-
لىپ، ئۇنىڭدىن 300 پارچە بېسىپ تۈپلەپ، جيەن بوزەن
ئەپەندىنى پىششىق بىلىدىغان رەھبەرلەر، ئۇنىڭ دېموك-
راتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلاردىكى دوستلىرى، تارىخ ، مەدەنى-
يەت ساھەسىدىكى دوستلىرى ھەم جيەن بوزەن ئەپەندىنىڭ
ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، شۇنىڭدەك بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى-
دىكى مەكتەپداشلىرىغا ئەۋەتىپ بەردىم. بۇنىڭدىن مەق-
سەت ـــ جيەن بوزەن ئەپەندىنى ئاقلاش، ھەرقايسى تەرەپ-
لەرنىڭ بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئەھمىيەت بېرىشىنى
قولغا كەلتۈرۈش ئىدى.

6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، مەن چولڭ خەتلىك گېزىتنى
جۇڭگو تارىخ مۇزېيىغا يەتكۈزدۈم ۋە بۇ مۇزېينىڭ ساقلاش
بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋى مۇدىرى يولداش خۇ دېيىڭ (بېيجىڭ
ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن) بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن
مېنى خۇياۋبالڭ بىلەن (ئەينى ۋاقىتتا مەركىزىي تەشكىلات
بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىدى) كۆرۈشتۈرۈپ، جيەن بوزەن
ئەپەندىنىڭ دېلوسى توغرىسىدىكى ئەرزنى ئامال قىلىپ
يۇقىرىغا سۇنۇشۇمغا ياردەم بېرىشنى ئۆتۈندۈم. مەن يولداش
خۇياۋباڭغا ئاتاپ بىر پارچە خەت ۋە ئىككى پارچە چولڭ
خەتلىك گېزىت ئالغاچ بارغانىدىم. ئۇندىن باشقا يەنە
«نەنجىڭ سۆھبىتى»نىڭ خاراكتېرى توغرىسىدىكى قارا-
شىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. «جيەن بوزەننىڭ ئارخىپى»دىكى
ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، «نەنجىڭ سۆھبىتى»نىڭ خاراك-
تېرىدە مەسىلە يوق، دېدىم. خۇ دېيىڭ مېنى قىزغىن كۈ-
تۈۋالدى. ماڭا نۇرغۇن تەسەللى ئېيتتى ھەمدە مېنىڭ تە-
لىپىمنى ۋە خەت قاتارلىق ماتېرىياللارنى تېزلا دادىسى
خۇياۋباڭغا يەتكۈزۈپ، ئۈچ كۈن ئىچىدە جاۋابىنى بېرىدى-
غانلىقىنى ئېيتتى. 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چۈشتىن كې-
يىن، خۇدېيىڭ تۇيۇقسىز تېلېفون بېرىپ، دادىسىنىڭ بۇ
ناھايىتى مۇھىم مەسىلىكەن، مېنىڭ بۇ خىزمەتنى تۇتۇش
مەسئۇلىيىتىم بار، بۇ خىزمەتنى چوقۇم ياخشى تۇتىمەن،
دېگەنلىكىنى يەتكۈزۈپ، مېنىڭ ئۈچ كۈن ئىچىدە يولداش
جيەن بوزەننىڭ ئىشى توغرىلىق مەركىزىي كومىتېت
تەشكىلات بۆلۈمىگە بىر دوكلات يېزىپ تاپشۇرۇشۇمنى تا-
پىلىدى. دوكلاتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: يولداش جيەن بو-
زەننىڭ ئازادلىقتىن كېيىن ئۆتكەن ۋەزىپىسى، جيەن
بوزەننىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئازادلىقتىن بۇرۇنقى كە-
چۈرمىشى، جيەن بوزەننىڭ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دا زى-
يانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلۈپ كېتىش جەريانى، مەركەزنىڭ
جيەن بوزەننىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتكەنلى-
كىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە بىر تەرەپ قىلىش پىكرى:
مېنىڭ تەلىپىم قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. مەن
شۇ بويىچە تېزلا تۆۋەندىكىدەك ئەرزنى يېزىپ چىقتىم.

***«مەركەزگە جيەن بوزەننى ئۆۋاللىقتىن ئاقلاشنى***
***تەلەپ قىلىش توغرىسىدا ئەرز***

*تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى قەدىرلىك خۇياۋباڭغا:*
*ياخشىمۇسىز!*

*مەن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىدىكى*
*بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، ئۆۋال قى-*
*لىنىپ يەر ئاستىدا ياتقىنىغا 10 يىل بولغان يولداش جيەن*
*بوزەن ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ ئۆۋاللىق دېلوسى ھەققىدە*
*سىزگە ئەرز سۇنىمەن ھەم مەركەزدىن ئۇلارنى ئۈزۈل ـ*
*كېسىل ئاقلاشنى تەلەپ قىلىمەن.*

*1) جيەن بوزەننىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى ۋەزىپىلىرى*
*(قىسقارتىلدى).*

2) جيەن بوزەننىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئازادلىقتىن
بۇرۇنقى كەچۈرمىشى (قىسقارتىلدى).
3) يولداش جيەن بوزەن 1963 ـ يىلىدىن باشلاپ
زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. ئاساسلىق سەۋەبى ــ ئۇ تارىخ-
شۇناسلىقتا ماركسىزملىق نەزەرىيە، نۇقتىئىنەزەردە چىڭ
تۇرۇپ، شەكىلدە «سول»، ئەمەلىيەتتە ئوڭ، ماركسىزمغا
ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ھەتتا ئۇنى بۇرمىلايدىغان خاتا خا-
ھىشلارنى تەنقىد قىلىپ، چىن بودا، گوۋمو فىڭ، چى بېنيۇ
قاتارلىقلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ-
زاققىچە مۇشۇ قارا گۇرۇھنىڭ كەمسىتىشى ۋە قورشاپ
ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچرىغان. بەزىلەر بۇ ئىلىم مەسىلىسى،
«ھەممە ئىچىملار بەس ـ بەستە سايرىسۇن» بولىدۇ، دەيدۇ.
ئەمما ئەينى ۋاقىتتا جيەن بوزەننى تەنقىد قىلغاندا ھەركىز
ئىلىم مەسىلىسى دېمەي، سىياسىي مەسىلە دەۋېلىپ، ئال-
دىن بەلگىلەنگىنى بويىچە «كوممۇنىستلارغا قارشى كونا
قول»، «بۇرژۇئا ئەكسىيەتچىل ئىلىم (نوپۇزلۇقى)» دېگەن
مۇقام بىلەن جيەن بوزەننى تەنقىد قىلىپ، بىر تۇتقاق
بىلەن ئوجۇقتۇرۇۋەتمەكچى بولغان. شۇڭا، مەدەنىيەت
ئىنقىلابىدىن بۇرۇنلا جيەن بوزەننى سىستېمىلىق قارىلاپ
بولغان. 1964 ـ يىلى كۈزدە، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا
سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى بولغاندا جيەن بوزەن-
نىڭ بىرىنچى تۈركۈمدە تارتىپ چىقىرىلغانلىقىنىڭ
سەۋەبى ئەنە شۇ. تاكى بۇكۈنكە قەدەر مەكتەپ ئىچى-
سىرتىدا يەنە بەزى كىشىلەر جيەن بوزەن ئىلىم جەھەتتىمۇ
ئۆزمىچىلىك خاتالىقى ئۆتكۈزدى دەپ، يورمەكتە. بۇ-
نىڭدىن ئۇنىڭغا قىلىنغان زىيانكەشلىكنىڭ نەقەدەر ئېغىر
ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. جيەن بوزەن زادى مۇشۇ
مەسىلىلەرنى سادىر قىلغانمۇ؟ مەسىلەن، «يول قويۇش
سىياسىتى»نى ئالساق، ئۇنى چىن بودا 1939 ـ يىلى يازغان
«پۇقرالىق روھىنى سەپەرۋەر قىلىشتا بولۇشقا تېگىشلىك
تونۇش» دېگەن كىتابىدىن ئويدۇرۇپ چىقارغان. «تارىخ-
ئىزم»، «دېھقانلار ئۇرۇشى» مەسىلىسىدە ئىلمىي ساھەد-
كىلەر جيەن بوزەننىڭ پىكرىنى قوللايدۇ. گوۋمو فىڭ، چى
بېنيۇلەرنىڭ پىكرىگە قارشى تۇرىدۇ؛ بىراق ئەينى ۋاقىتتا
گوۋمو فىڭ، چى بېنيۇلەر چىن بودانىڭ قوللىشى بىلەن
ھوقۇقنى قولىغا ئېلىۋالغان بولغاچقا، جيەن بوزەنگە بوزەك

قىلىنىشتىن باشقا ئامال بولمىغان.
1966 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى «مەدەنىيەت ئىن-
قىلابى» باشلانغاندا، جيەن بوزەن «كوممۇنىستلارغا قارشى
كونا قول»، «ئەكسىيەتچىل ئىلىم نوپۇزلۇقى» دېگەن
گۇناھ بىلەن تارتىپ چىقىرىلدى. شۇ چاغدا ئۇ 68 ياشقا
كىرگەن، ئۆزى كېسەلچان ئىدى. ھەر كۈنى ئۇزۇلدۇرمەي
تەنقىد قىلىنىپ ۋە سوراققا تارتىلىپ، تاياق ـ دۇمبا يېدى.
قىينىلىشلار كۈنىگە ئون نەچچە سائەت داۋاملاشتى. 6 ـ،
7 ـ، 8 ـ ئايدا ئۇ 100 نەچچە قېتىم كۈرەش قىلىندى. بىر
قېتىم بىرسى ئۇنى ھاجەتخانىدىن تارتىپ چىقىرىپ بېشىغا
ئەۋرەت قەغىزى بار چېلەكنى كۆمتۈرۈپ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ
قويغىلى قىل قالدى. لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»-
نىڭ قارا كۈچلىرىدىن بولغان نيې يۈەنزى، سۇن فېڭىيلار
نەچچە قېتىم 10 مىڭ كىشىلىك يىغىن ئېچىپ جيەن بو-
زەننى كۈرەش قىلدى. جيەن بوزەن كېسەل بولۇپ ئورنى-
دىن تۇرالمىغاندا، ئۇنى تاختايغا ياتقۇزۇپ سۆرەپ، يىغىن
مەيدانىغا ئېلىپ بېرىپ تۇرغۇزۇپ قويىدى. ئۇ ئۆرە تۇرالماي،
ئىككى قولى بىلەن ئۆزۈن ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئې-
سىلىپ نەچچە سائەتلەپ تۇردى. جيەن بوزەننى مۇشۇ تە-
رىقىدە كۈرەش قىلغانلىق ھەققىدىكى سۈرەت فرانسىيە
رەسىملىك ژۇرنىلىغا بېسىلىپ، پۈتۈن دۇنياغا تارقاپ
كەتتى. 1966 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى بېيجىڭ ئۇنى-
ۋېرسىتېتىنىڭ قوغداش گۇرۇپپىسى «ئەھۋالدىن ئىنكاس»
(4 ـ سان)دا: «(8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى) قىزىل قوغدىغۇ-
چىلار جيەن بوزەننى 4 قېتىم تارتىپ ئەپچىقىپ كۈرەش
قىلدى، بەزىلىرى ئۇنىڭ چېچىنى تارتقۇشلىسا، بەزىلەر
بويىندىن قايرىپ باستى»، «جيەن بوزەننىڭ ئايالىنىڭ
دېيىشىچە (جيەن بوزەننىڭ يۈرەك كېسىلى يەنە ئېغىرلاپ
قېلىپ، ھازىر ئورنىدىن تۇرالمايدىغان بولۇپ قالغان، تاماق
يېمىگىلى ئىككى كۈن بولغان. ئوقۇغۇچىلار ئۇنى دائىم
سىرتقا تارتىدىكەن، ئۇنىڭ ئۆمرى ئۇزۇنغا بارماسمى-
كىن)» دېيىلگەن، جيەن بوزەن ئەر ـ خوتۇنلار ئىككىي-
چى قەۋەتتىكى بىر ئېغىز ئۆيگە سولاپ قويۇلۇپ، ھەرىكەت
قىلىشقا يول قويۇلمىغان، ھەممە ئاچقۇچلىرى تارتىۋېلىن-
غان، ئۆي جاھازلىرى پاچاقلىۋېتىلگەن، كىتابلىرىدىن 5 ـ
6 مىڭى ئوغرىلاپ كېتىلگەن، قىممەت باھالىق كىيىم ۋە

ئەرسە كېرەكلەردىن ھېچنېمە قالمىغان.

1968 ـ يىلى يازدا جيەن بوزەن ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىلىپ، جياڭ ئائىلىسى كوچىسىدىكى بىر كىچىك قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ قويۇلغان. نىيۇمىنزى، سۇن فېڭيىلار كوچىدىكى ئىش ئۇقمايدىغان بالىلارنى كۈشكۈرتۈپ، ئۇ ئىككىسىنى كۈندە كۈرەش قىلدۇرغان، كۈرەش قىلغۇچىلاردىن بىر تۈركۈمى كەتسە، يەنە بىر تۈركۈمى كەلگەن. كەچتە بالىلار كەتكەندىن كېيىن جيەن بوزەننىڭ ئايالى يىغلىغىنىچە ئۇنى يۆلەپ ئۆيگە ئەكىرگەن.

10 ـ ئايدا رېئىس ماۋزېدۇڭ پارتىيە 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 12 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىكى سۆزىدە: جيەن بوزەننىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىش، ئۇنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىلىق يوليورۇق بەردى. 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەشۋىقات ئەترىتى جيەن بوزەنگە رېئىس ماۋزېدۇڭنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى ھەم ئۇنى يېڭى ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. جيەن بوزەن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، كېچىلەپ رېئىس ماۋزېدۇڭغا خەت يېزىپ رەھمەت ئېيتتى. بىراق لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ جيەن بوزەنگە زىيانكەشلىك قىلىش ھىيلە ـ مىكىرلىرى توختاپ قالمىدى. (ۋۇ جۈگەنىڭ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىگە كىرىپ جيەن بوزەننى سوراق قىلىپ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنى ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلغانلىق ئەھۋالى قىسقارتىلدى.)

جيەن بوزەن ئەر ـ خوتۇن ئىككەيلەن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، رېئىس ماۋزېدۇڭ، زۇڭلى جۇئېنلەي شۇ كۈنلا خەۋەر تاپتى ھەم جيەن بوزەننىڭ قالدۇرغان خېتىنى كۆردى. شۇ كۈنى كەچتە شەھەرلىك خ ج ئىدارىسى قانۇن دوختۇرى جاۋ جىڭلۇڭنى ئەۋەتىپ، بېيجىڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى دوختۇرخانىسىدا جەسەتنى يېرىپ، ئۇنىڭ كۆپ خىل ئۇيقۇ دورىسى ئىچىپ زەھەرلىنىپ ئۆلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. جەسەتنى يېرىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسى 20 ـ چېسلا رېئىس ماۋزېدۇڭ ۋە زۇڭلى جۇئېنلەيگە مەلۇم قىلىندى.

4) تەشۋىقات ئەترىتىدىكىلەرنىڭ دېيىشىچە، «ئەينى چاغدا زۇڭلى جۇئېنلەي ناھايىتى خاپا بولدى. مۇئاۋىن زۇڭلى شېي فۇجى بىلەن ۋۇ جۈگەنى چاقىرىپ قاتتىق تەنقىدلىدى. مۇھىم نۇقتىلىرى: ① ليۇشياۋچىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى پارتىيە 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 12 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللاندى. سىلەر نېمىشقا يەنە بېرىپ جيەن بوزەننى قىستايسىلەر؟ ② سىلەر ئىدېئالىزم، مېتافىزىكا بىلەن شۇغۇللىنىپ، قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇپ، جيەن بوزەننى قىستاپ ئۆلتۈردۈڭلار. ③ سىلەر رېئىس ماۋزېدۇڭغا سادىق بولمىدىڭلار...»

ۋۇ جۈگە ئەسلى ئورنى (بېيجىڭ قىسمى)غا قايتتى. 1971 ـ يىلى چېن بودا، لىن بياۋلار ئارقا ـ ئارقىدىن غۇلىدى. مەركەز مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى يەنە ۋۇ جۈگەنى قايتۇرۇپ كېلىپ، بىر يىل ئايرىپ تەكشۈردى. ئاندىن 1973 ـ يىلى 3 ـ، 4 ـ ئايلاردا ئىككى قېتىم بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىگە بېرىپ ئۆزىنى تەكشۈرۈشكە، ئىنقىلابىي ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەنقىدىنى ئاڭلاشقا بۇيرىدى. تەكشۈرۈش يۈزەكى، مەنىسىز بولدى. پەقەت ۋۇ جۈگەنىڭ ليۇشاۋچى، ۋاڭ گۇاڭمېي مەخسۇس دېلوسىدا خىزمەت كۆرسىتىپ، مەركەزنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەنلىكىلا مەلۇم. 4 ـ ئايدىكى بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشتە، مەركەز مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسى 1 ـ ئىشخانىسى ۋاقىتلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى «يولداش ۋۇ جۈگەغا چارە كۆرۈش توغرىسىدا قارار»نى ئوقۇپ ئۆتتى. ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى: ① جيەن بوزەن دېلوسى ئىشلەشنىڭ «ئارقا كۆرۈنۈشى» يوق. ② «پارتىيە ئىچىدە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت. ۋۇ جۈگە ھازىر بېيجىڭ تۈيچى قىسمى قوماندانلىق شتابى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، بىراق ئۇ جيەن بوزەنگە ئاتقان يوقىلاڭ گۇناھلار يەنىلا جيەن بوزەننىڭ «مەخسۇس ئارخىپى»دا ساقلانماقتا.

5) جيەن بوزەننى ئاقلاشتا بىزنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك پىكرىمىز بار: ① مەركەزدىن جيەن بوزەننى ئاقلاش ئىشىنى بىۋاستە سورۇشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىمىز. يولداش جيەن بوزەن مەركەزدىكى بىرقانچە تارماقتا قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىگەن. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىرتىدىكى مۇھىم ئىجتىمائىي خىزمىتىمۇ كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى، ئىلىم ساھەسىدىكى ئالاقىسىمۇ كەڭ ئىدى. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا «جەسىتى كۆيدۈرۈلۈپ، كۈلى كۆككە سورۇلغان».

بىز جەسەت كۆلىنى بىر ئايدىن كۆپرەك ئىزدىدۇق. 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى باباۋشەن جەسەت كۆيدۈرۈش مەيدانىدىكىلەر بىزگە رەسمىي جاۋاب بېرىپ: «ئەينى چاغدا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكىلەر جەسەت كۆلىنى ئالمايمىز دېگەچكە، كۆيدۈرۈپ بولۇپلا بىر تەرەپ قىلىۋەتكەن» دېدى. يولداشلار بۇنى ئاڭلاپ كۆز يېشى قىلىشتى. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى بىر ئاساسىي قاتلام ئورنى، ئاساسلىق رەھبەرلەر ساپلا يېڭى كەلگەن، جيەن بوزەننىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىپ كەتمەيدۇ. جيەن بوزەننى ئاقلاشتا قىيىنچىلىق كۆپ. شۇڭا، مەركەزدىن بۇنى بىۋاستە سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇزۇل ـ كېسىل ئاقلاشقا قولايلىق يارىتىشنى تەلەپ قىلىمىز. ② مەركەزنىڭ جيەن بوزەن ئۈستىدە تولۇق، ئادىل باھا بېرىپ، ئۇنى تەلتۆكۈس ئاقلىشىنى تەلەپ قىلىمىز. يولداش جيەن بوزەن ئالەمدىن ئۆتتى. ئەمدى يەكۈن چىقىرىپ، ئۆلۈكلەرنى خاتىرجەم، تىرىكلەرنى رازى قىلىش كېرەك. ③ مەركەزدىن ۋۇجۇگنىڭ جيەن بوزەننى قىستاپ ئۆلتۈرۈۋېلىشكە سەۋەبچى بولۇش دېلوسىنى قايتا تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىمىز. بىز مەركەز مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىنىڭ 972 ـ، 1973 ـ يىلى ۋۇجۇگنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغانلىق پىكرىدىن گۇمانلىنىمىز، ئۇنىڭغا پىكرىمىز بار، مەركەز ۋۇجۇگنى قايتا تەكشۈرۈپ بېكىتۋاتىشىن بىر تەرەپ قىلسا.

يۇقىرىدا دېگەنلىرىمىزنىڭ نامۇۋاپىق جايلىرىغا تەنقىدىي تۈزىتىش بېرىشىڭىزنى سورايمەن.

ھۆرمەت بىلەن سالام يوللايمەن:

بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى جاڭ چۈەنشىر

1978 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى»

مەن يۇقىرىقى خەتنى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى خۇدېپىڭغا ئاپىرىپ بەردىم، ئۇ بۇ خەتنى تېزلىكتە دادىسى خۇياۋباڭغا بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى ھەمدە «بىرەر ئەھۋال بولۇپ قالسا ۋاقتىدا ئالاقىلىشىمەن» دېدى. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە ئۇ ماڭا تېلېفون بېرىپ: «سىزنىڭ دوكلاتىڭىزنى مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى ‹مۇھىم ئەھۋال› سۈپىتىدە مەركەزگە يوللاپتۇ. سىز خەۋەرنى كۈتسىڭىزلا بولىدۇ» دېدى.

8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى فاكۇلتېت ماڭا ئۇقتۇرۇش قىلىپ، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىگە تېلېفون قايتۇرۇشۇمنى ئېيتتى ھەم تېلېفون نومۇرىنى دەپ بەردى. مەن تېلېفون ئالسام، قارشى تەرەپ: «مەن مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىدىن تاڭ كلتېپ بولىمەن، سىز يازغان ماتېرىيالنى بىز مەركىزىي كومىتېتقا يوللىدۇق. سىز يېزىۋېلىڭ، مۇئاۋىن رەئىس دېڭ شياۋپىڭ ‹مېنىڭچە، ئاقلاش كېرەك!› دەپ تەستىق سالدى. بۇنى بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكومغا ئۇقتۇردۇق!» دېدى. مەن دەرھال بۇ ئەھۋالنى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ يېڭى باش ياچېيكا شۇجىسى خاۋ بىنغا دوكلات قىلدىم. ئۇ مەكتەپ پارتكومغا دوكلات قىلدى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەستىقى چۈشكەندىن كېيىن، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومى دەرھال ھەرىكەتكە كەلدى. 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى مەكتەپ بويىچە «پارتىينىڭ سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش يىغىنى» ئېچىپ، جيەن بوزەن ئەپەندىنى ئاقلىدى. ئىككىنچى يىلى 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن باباۋشەن ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى زالىدا تەنتەنىلىك تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنى ئېچىلدى. دېڭ شياۋپىڭ، خۇياۋباڭ، ۋۇلەنفۇلار گۈلچەمبىرەك تەقدىم قىلدى، دېڭ يىڭچاۋنىڭ كاتىپى تېلېفون بېرىپ، جيەن بوزەننىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سورىدى. ۋاڭ جېن، فاڭ يى قاتارلىق 400 كىشى تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنىغا قاتناشتى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ياڭ جىگرېن تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى جۇپېييۈەن تەزىيە نۇتقى سۆزلىدى.

**(تۈگىدى)**

**قاۋۇل توختى** تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرگۈل كېرەم

# تەرەققىي قىلىپ زورىيىۋاتقان ئازادلىق ئارمىيە 273 ـ دوختۇرخانىسى




شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى دوختۇرخانىنى كۆزدىن كەچۈردى.

ئازادلىق ئارمىيە 273 ـ دوختۇرخانىسى ئىككى A دەرىجىلىك دوختۇرخانا بولۇپ، 350 كارىۋىتى بار، ئىچكى، تاشقى، ئاياللار، باللار، بەش ئەزا، يۇقۇملۇق كېسەللىك ۋە جۇڭيىچە داۋالاش قاتارلىق 14 بۆلۈم تەسىس قىلىنغان، پۈتۈن بەدەننى تەكشۈرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان CT ئاپپاراتى، مېڭە ئېلېكترو كاردىئوگراممىسى، تاجسىمان يۈرەك كېسەللىرىنى ئاسراش كېسەلخانىسى (CCU) قاتارلىق ئىلغار داۋالاش ئۈسكۈنىسىگە ھەمدە ئازادلىق ئارمىيە باش دوختۇرخانىسى بىلەن ئورناتقان يىراق مۇساپىلىك كېسەل كۆرۈش سىستېمىسىغا ئىگە، ئارمىيە بويىچە سەھىيە سىستېمىسىدا قانات يايدۇرۇلغان «بېيتيۈن لوڭقىسى» ئەلا مۇلازىملىق قىلىش مۇسابىقىسىدە ئارمىيە لوڭقىسىغا ئېرىشكەن.



دوختۇرخانا باشلىقى لۇ خۇيچىن دەم ئېلىشقا چىققان پېشقەدەم كادىرلارغا يېڭى ئۈسكۈنىلەرنى تونۇشتۇرماقتا.



سىياسىي كومىسسار جيۇجيەنگو بۆلۈملەرنىڭ سىياسىي تەربىيە ئەھۋالىنى تەكشۈرمەكتە.

## كۈنسېرى يېڭىلىنىۋاتقان مارالبېشى ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى

بۇ دوختۇرخانىدا 24 بۆلۈم تەسىس قىلىنغان بولۇپ، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ داۋالاش ـ ساقلىقنى ساقلاش مەركىزى، داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، پەن تەتقىقات، تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش بىر گەۋدە قىلىنغان، دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە ئۇنىۋېرسال دوختۇرخانا.

بۇ ئىككى A دەرىجىلىك دوختۇرخانا بولۇپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «مەدەنىي ئورۇن»، مەملىكەت بويىچە «بوۋاقلارنى سۆيۈش دوختۇرخانىسى»، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «ئۈلگىلىك ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئائىلىسى».



مارالبېشى ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى سۇڭ يىچىڭ



مارالبېشى ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەر دوختۇرخانىنىڭ تەرەققىيات

ئادرېسى: مارالبېشى ناھىيە مەدەنىيەت شەرقىي يولى 118 ـ نومۇر

تېلېفون: 6211079 (0998)

دوختۇرخانا باشلىقى: سۇڭ يىچىڭ

پوچتا نومۇرى: 843800

采詩
Caishi

پەن - تېخنىكا سىزگە يېڭى چىراي ئاتا قىلىدۇ
High technology gives an entirely new look

كۇيتۇڭ يۇنسېن توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ تىزىمغا ئالدۇرغان مەبلىغى 35 مىليون 500 مىڭ يۈەن، مۇقىم مۈلكى 90 مىليون يۈەن، 42 مىڭ ئۇرچۇقى، 5000 ئۇرچۇقلۇق سىپتا ئېگىرىش لىنىيىسى، 64 دانە لۈڭگە توقۇش - بوياش ئۈسكۈنىسى ۋە 30 مىڭ ئۇرچۇق ئېگىرىش ئۈسكۈنىسىنى ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدىغان ئۆيى بار.

شىركەتنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئۆزىنى بېغىشلاپ، كارخانىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ئېسىل مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش، ھەر ساھەدىكىلەر بىلەن دوستانە ھەمكارلىشىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىشتىن ئىبارەت.

تېلېفون: 3223307 (0992)

ISO9002 خەلقئارا سۈپەت سىستېمىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىدىن ئۆتكەن

سەيشى جەنۇبىي جۇڭگو تەبىئىي پەن - سانائەت پەنلىرى ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن ھەمكارلىشىپ «سەيشى تېرە ئاسراش تەتقىقات مەركىزى» قۇرۇپ، مەھسۇلات ئۈنۈمگە ئادەمنىڭ ئوبيېكتىپ قارىشى بويىچە باھا بېرىشتەك ئەنئەنىۋى ئۇسۇلىدىن قۇتۇلۇپ، خېرىدارلارنى ھەقىقىي رازى بولغۇدەك مەھسۇلات بىلەن تەمىنلىدى.

سەيشىنىڭ پرىنسىپى — «سۈپەت — مەھسۇلاتنىڭ جېنى».


ئەسقەت كېرىمباي شىركەتنىڭ مۇدىرىيەت باشلىقى جۇ يۇنتاڭنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىشلەپچىقىرىش سېخىنى كۆزدىن كەچۈردى.


ئەسقەت كېرىمباي شىركەتنىڭ مۇدىرىيەت باشلىقى جۇ يۇنتاڭنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يوليورۇق بەردى.

كۇيتۇڭ يۇنسېن توقۇمىچىلىق
چەكلىك شىركىتى



مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65 - 1166/D باھاسى: 2.90 يۈەن
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 — 58 ئېلان رۇخسەتنامە نومۇرى: 01005433